توختى نەمتۇللا، روزى نىياز



# ئاسمان ئەركىسى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

توختى نەمتۇللا، روزى نىياز

# ئاسمان ئەركىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان بارات

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

1988 - يىل. ئۈرۈمچى

مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبراھىم مۆمىن

# ئاسمان ئەركىسى

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.375
1987 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 - 5371 - 0129 - 9/I·43
سانى: 1 — 2,000
باھاسى: 1.00 يۈەن

## نەشرىياتتىن

بۇ شېئىرلار توپلىمىغا ياش شائىر توختى ئەمتۇللا بىلەن روزى نىيازنىڭ تاللانغان شېئىرلىرى بېرىلدى.

ياش شائىر توختى ئەمتۇللا 1950 - يىلى تۇرپان-نىڭ جاي يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، 1958 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى، 1967 - يىلىدىن 1974 - يىلىغىچە يېزىدا قايتا تەربىيە ئالدى، 1974 - يىلىدىن 1976 - يىلى 8 - ئايغىچە تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇدى. ئۇندىن كېيىن، 1976 - يىلى 9 - ئايدىن 1977 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، 1978 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلىدى، 1984 - يىلىدىن كېيىن بولسا، ياش شائىر «تۇرپان» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئاپتور، كىچىكىدىن باشلاپلا يازما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىقىپ، كۆپلەپ كىتاب كۆرۈپ، تىرى-شىپ ئۆگىنىپ، شېئىر ۋە ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1963 - يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ

ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

ياش شائىر روزى نىياز 1942 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1950 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە توقسۇن، تۇرپانلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1960 - يىلى ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەن. ئاپتور 1963 - 1964 - يىللىرى شىنجاڭ داشۆنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى پاكۇلتېتىدا، 1977 - يىلى بولسا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان. ئاپتور ئۇندىن كېيىن بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى كاتىبات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىرى... قاتارلىق خىزمەتلەردە بولدى. ھازىر ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق بوغالتىرىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1959 - يىلى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن تارتىپلا باشلانغان. شۇندىن بېرى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ۋە بىر قىسىم ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

# مۇندەرىجە

## توختى نەمتۇللا


ۋەتىنىمگە ........................ 1
بۇلاق بېشىدا ........................ 2
ياشلىق ئارمىنى ........................ 3
بۇيلۇق ........................ 4
يولىدا ........................ 5
يۇرتۇمدا توي ........................ 6
چىن دوستلۇق ........................ 7
تاڭ لىرىكىسى ........................ 8
چىنلىقتىن ........................ 9
دوستۇمغا ........................ 10
يالقۇنتاغ يۈرىكىم مېنىڭ ........................ 11
داۋام ئېتەر ئىشىمنى ئوغلۇم ........................ 13
دەۋرىمىز گۈزەل ........................ 14
قايدا بار؟ ........................ 15
كارىز ........................ 15
ئۆزۈم ........................ 17
مۇنار ........................ 19

ئانا ........ 22
مەردلىك سىمۋولى ........ 24
باھار ئىشقى ........ 25
يۇرتۇمغا گۈزەللىك باشلاپ كېلىسەن ........ 26
كۈلكە ........ 28
روجەكتىن يۈرەككە ........ 31
بىر ئۆرنەك كۆرۈلدى ئۆمرىگىمىز ئۈچۈن ........ 33
ۋەدىدە ........ 34
زادى قانداق گەپ ........ 36
ياشايمەن باتۇرلۇق - غۇرۇر ئىلكىدە ........ 37
شېئىر دېگەن ........ 40
چۈش يېڭى نۇرانە يولغا ........ 42
ئاتا نەسىھىتى ........ 43
باھار تۇيغۇسى ........ 44
گۈزەللىككە ئاشىق مېنىڭ يۈرىكىم ........ 46
سېنى ........ 48
قايىدادۇر ........ 50
سەن قەلبىم قۇياشى، سەن پۈتمەس بەخرىم ........ 51
سىڭدىپ كېتەرمەن ........ 53
ياتىدۇ بۆشۈكتە ........ 53
قوچىمىز ........ 54
يارىتىمەن داستان - ھېكايە ........ 56
سۆھبەتتە ........ 57
بەختلىك يىللار ........ 58

ئۇشقا سال ........................ 59
ماي كەلگەندە ........................ 60
گۈل يېزام ........................ 62
گۈلىستان پەيزىدىن ........................ 63
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ........................ 67
تىلەكلىرىم تومۇرۇمدا مىڭ قۇياش ........................ 72
خىياللاردىن تۇغۇلىدۇ قىيانلار ........................ 74
نۇر چاقنىتاي ........................ 76
ئەلچى ئەۋەتتى ........................ 77
ساڭا ........................ 78
ئىبرەت ........................ 80
ياشلىق ........................ 81
مېنى ئىزلىسەڭ كەڭلىكتىن ئىزدە ........................ 82
پاكلىق قەسىدىسى ........................ 83
رۇبائىيلار ........................ 85
ئۇچقۇچى قىز ........................ 93
نېسۋە ...... (ساتىرا) ........................ 98
ھەر دانىدە بىر قۇياش تەپتى ........................ 103
يانىمەن ........................ 106
بەرگەندە ........................ 107
خەلقىم ........................ 108
مېھنەتكەش ........................ 109
مۇھەببەت ........................ 109
تۇغۇلارمەن ئىجادىمدىن ........................ 110
سايرام ........................ 110

ئاقتاشقا چىقىقاندا ............................ 113
ئۇلۇغ ئاتا — تەگرىسەن ماگا ............ 114
تاك سۆيگۈسى ......................... 115
ئارمان ..................................... 116
شامالللاردىن بىر سادانى ئاڭلايمەن ............ 117
يۈرەك قېنىمنى سىڭدۈرۈپ ............ 118
سەن ماڭا ئانىسەن ئىككىلا ئالەم ............ 119
قەھرىمدىن تۇغۇلغان مۇھەببەت ............ 120
لاچىندىن بىر تەسىرات ............ 122
ئاچتى جامال باھار دىلبىرى ............ 124
شۆھرەتلەرگە ئەمەسمەن خۇمار ............ 125
سۆيگۈ سىرى ............................ 127

## روزى نىياز

ئادىتىم ................................ 129
ماي ئىلھامى ............................ 130
سۇغا قاراپ ............................ 131
قىزىمغا ................................ 132
سەيلىگاھ ................................ 133
تاپتىم ................................ 134
ئۈزۈلمەس رىشتە ............................ 135
پىلە قۇرتى ............................ 136
ئۈرۈكزارنى كۆرگەندە ............................ 136
بۇلبۇلغا! ................................ 138

ئىستىقبال كۈيى ........................ 139
چىنلىق ۋەسىدە ........................ 141
ئۇستازىمغا! ........................ 141
بىرىنچى دەرس ........................ 144
ئوغلۇمغا! ........................ 147
ساقلىغىن ........................ 148
نىگارىمغا ........................ 148
قۇم ........................ 149
ئىز ........................ 151
ماختاش ئالدىدا ........................ 152
نە بولغاي ........................ 153
كۆچەت تىكىش ۋە سايىداش ........................ 153
مايسا ........................ 155
يۇلغۇن ........................ 156
كۆڭۈل ئالبومى ........................ 157
سۆھبەت ........................ 159
گۈزەل قەشقەر ........................ 162
بۇلۇت كارۋىنى ........................ 165
دۇكاندا ........................ 166
ئەينەك ........................ 170
مەردلەر يۈرىكى ........................ 171
نۆۋەتچىلىكتىن خاتىرە ........................ 171
زەمزەم ........................ 172
ئۆتمىسىلا ........................ 177
كەلدىم ........................ 177

يىلدىرىم ........................ 178
كۆكلەم سەھىرى ........................ 181
تام قوشنا ........................ 183
چۆلدىكى قۇدۇق ........................ 186
تىكىلىمەن ........................ 191
بىزارمەن ........................ 192
رەققاس ........................ 192
خەزىنە ........................ 193
تاغلار قامىتى ........................ 194
دېھقان ........................ 196
گۈلدەك ياشا! ........................ 197
مەنبە ........................ 197
ۋەزىپە ۋە مەن ........................ 198
سانىساڭ ........................ 198
ئانا مۇھەببىتى ........................ 199
ھايات ........................ 204
سۈزۈكلۈك لىرىكىسى ........................ 204
ئېيتقىنا! ........................ 208
ئۆتسەم ........................ 208
ۋەتەن ئىشقى ........................ 209
گۈللۈكتە ........................ 209
ئەمدىلىكتە ........................ 212
سالام ........................ 213
ۋاقىت ........................ 214

كۆرۈك ........ 214
بىر بۇرادەرگە ........ 215
چۈشەندىم، ئەمدى ........ 216
تىرەك ........ 217
كۆردۇق ........ 218
ئاسمان ئەركىسى ........ 218
ئويلاپ كۆر! ........ 221
بەرگىن جاۋاب! ........ 222
يەر يۇتسۇن! ........ 222
بىللە مەن ........ 223
ياشاشتا ........ 223
بايلىقىم ........ 224
ئەمدى ........ 224
بۈگۈن ........ 225
كۆردۈم ........ 225
كېتەلمىدىم ........ 226
دوپپا ........ 227
ناخشىڭىز ........ 228
ئاپىرىن! ........ 228
كۈلگەي ........ 229
يۈرمە ........ 230
تىلىكىم ........ 231
سۆيۈملۈكسەن — كۆڭۈللۈكسەن ........ 232
ھەدېسە ........ 232
سەن كۈتسەن ........ 233

گەپ ئۆزۈڭدە! .......................................... 233
كەتمەيمەن بىراق ................................. 234
بىلسەڭ ................................................ 235
ھېچ گەپ ئەمەس ................................ 235
ئەسلىك ................................................ 236
سالام، ئاقسۇ! ......................................... 236
تاپقايسەن مۇراد ..................................... 237
ۋارىسمەن ............................................ 238
تەسەددۇقتۇر جانىم مېنىڭ!... (ناخشا تېكىستى) ...... 241
يارىم ......................... (ناخشا تېكىستى) ...... 242
گۈزەل بولسۇن ئىشقىمىز ...... (ناخشا تېكىستى) ...... 243
كىتاب تەكچىسى ..................................... 244
قارلىغاچ .............................................. 246
تۇرنا ................................................ 247
رۇبائىيلار .......................................... 248
پارچىلار ............................................ 251

# توختى نەمتۇللا

## ۋەتىنىمگە...

جانىجان ئانامسەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىم،
ئويغاتتىڭ قەلبىمدە سۆيگۈنى ئوتلۇق.
مېھرىڭدىن ئۆستۈرۈپ، باھادىر ئەيلەپ،
ئۆمرۈمنى قىلدىڭسەن مەڭگۈگە قۇتلۇق.

قارايمەن ھۆسنىڭگە تويمەن كۆز بىلەن،
سۇلىرىڭ زەمزەمدۇر، تېشىڭ تۇتىيا.
تاغلىرىڭ ئالتۇندۇر، باغلىرىڭ جەننەت،
چاچىدۇ خۇش ئەنبەر ھەربىر گۈل - گىياھ.

ئالەمچە ئىپتىخار، ئالەمچە غۇرۇر،
بەخش ئېتەر زوقلىنىپ باقسام مەن ھەردەم.
تۇرىمەن بىر ھېستا: ساڭا بىر قۇدرەت،
تېگى يوق ئۇزلۇقنى قانداق قىلغان جەم؟

ئېھ، ئانا ۋەتىنىم، جەننەت سەن ماڭا،
قۇچىقىڭ ھېكمەت ۋە خىسلەتلەرگە باي.
ئۇلۇغلاپ ئەبەدىي پەرۋانەڭ بولۇپ،
ئىشقىڭ ۋە شەنىڭگە پىدائىڭ بولاي...

1964 - يىل 5 - ئاي.

## بۇلاق بېشىدا...

ئۇسساپ كېتىپ، بۇلاق سۈيىدىن،
يۈرەك - باغرىم قانغۇچە ئىچتىم.
جېنىم مېنىڭ سۆيۈنۈپ شۇ دەم،
تومۇردا قان ئوقچۇشنى سەزدىم.

شۇ ھوزۇرلۇق، يۈرەك قېنىشتىن،
پەرۋاز قىلدىم ھېسلار كۆكىدە.
ئايان بولدى سۆيگۈ - گۈزەللىك،
شۇندا ئىلمىنىڭ نۇرلۇق ھۆسنىدە.

شۇ گۈزەللىك ئىشقىدا كۆيۈپ،
ئۆمرۈم بويى ئاڭا باقىمەن.
گۈزەللىكنىڭ تومۇرلىرىغا،
بۇلاق سۈيىدەك مەڭگۈ ئاقىمەن...

1964 - يىل 6 - ئاي.

# ياشلىق ئارمىنى

ئاھ، گۈزەل سۇمباتلىق ياشلىق چاغلىرىم،
سەن غەيۇر، بىغۇبار چېغى ئۆمرۈمنىڭ.
كۆنسىرى ئۆرلەيدۇ سەندە ئىنتىلىش،
تەپتى بار سەندە ھەم مىڭ قۇياش - نۇرنىڭ.

ئەي، ياشلىق چاغلىرىم، ساپلىقتا ئالتۇن،
پاكلىقتا نۇر كەبى تۇرىسەن زىنھار.
بىباھا ھەر نەپەس، دەقىقە ۋاقتىڭ،
سەن ئۆمۈر بېغىدا ياشنىغان باھار.

ياشلىقىم، ھېچ نەرسە تەڭ تۇرماس چېغىم،
سەندە بار تېڭى يوق كۈچ - قۇۋۋەت، مادار.
گەر گېزى كەلگەندە كۆمتۈرۈپ دېڭىز -
تاغلارنى ئورنىدىن قومۇرۇپ ئالار.

ياشلىقىم شۇ قەدەر ئەزىز، بەقۇۋۋەت،
قالىدۇ ئالەممۇ مىسلىسىز ھەيران.
كەتمەستە شۇ ياشلىق: «ئەلگە بىر خىزمەت -
يەتسۇن»، — دەپ قەلبىمدە يانىدۇ ئارمان ...

1964 - يىل 8 - ئاي.

# بۇيلۇق

بۇيلۇق سېنىڭ ئىسمى ـ ئەزىمەڭ،
قەلب كۆكىدە ئەيلەيدۇ پەرۋاز.
سەندە ياڭرار بەخت ناۋاسى،
قوينۇڭ ئىللىق گۈزەل باھار ـ ياز.

بۈگۈن بولدۇڭ يۇرتۇمنىڭ گۈلى،
كۈمۈش ئىچرە چاقناق زەر ئۆزۈك.
بەرق ئۇرىدۇ مېھرىڭدە ھۆرلۈك،
بەخت ئىلكىدە كۈلگەن يەر ئۆزۈك.

بەھرە ئالىدۇ ھەر كىم زىيادە،
نېمەتكە باي داستىخىنىڭدىن.
بېھىش كۆچتى كۆكسىڭگە سېنىڭ،
دەۋرىمىزنىڭ ئېسىللىقىدىن.

سېخىيلىقىڭغا قايىل يەر ـ جاھان،
قۇتلۇق نامىڭ تىللاردا داستان.
ئەل سۆيگەن جاي گۈللەيدۇ مەڭگۈ،
شۇڭا سېنى كۈيلەيمەن ھامان...

1964 - يىل 8 - ئاي.

# يولدا...

(ناھىيىمىزدىكى يىراق گۇڭشېلارنىڭ يوللىرىغا قاراماي
يېتىپتىش. ئاپتوبۇس قاتناش مۇناسىۋىتى بىلەن...)

ئاپتوبۇس غۇيۇلداپ ماڭىدۇ يولدا،
ئولتۇرۇپ بارىمەن ئاندا روھلىنىپ.
بوستانلار يەلپۈنۈپ بېغىشلار شادلىق،
شاماللار قالىدۇ ماڭا زوقلىنىپ.

ئېھ، مانا يۇرتۇمنىڭ يولىدا مەغرۇر،
باغلارغا سەيلىگە كېتىپ بارىمەن.
يول بويى راھەتنىڭ ئىلكىگە چۆمۈپ،
يېڭىچە ھېسلارغا تولۇپ بارىمەن...
......

يىراق ۋە يېقىنقى بىر چاغدىكى يول،
بەخش ئەتكەن سەپەرچى كۆڭلىگە تەشۋىش.
ماڭغانچە ئاۋۇماي كاتاڭ، تۇقايدىن،
پۈتمىگەن قەرەلدە تالايلىغان ئىش...
......

ئېھ، بۈگۈن ئارزۇلار ئېچىپ گۈل ـ چېچەك،
ئوقۇدۇق زامانغا غەزەل ـ قەسىدە.
بولدى چۆل، ئېكىنزار، ئەينەكتەك يوللار،
گۈل چاچار خۇش پۇراق، يولنىڭ چېتىدە.

بىلىنەر كۆنلۈك يول ئەمدى بىر غېرىچ،
كۆمۈش يول سەن يېزام ـــ شەھىرىم رىشتىسى.
ئاقار تېز سېنىڭدە ئالتۇن دان، پاختا،
ئاقار ھەم جاھانغا ئۈزۈم شەربىتى.

ئەي قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن يوللار،
سەن بولدۇڭ ئەتىنىڭ ئالتۇن شوتىسى.
يەتمەكتە دەۋرىمگە بىباھا تۆھپەڭ،
بولاي شۇ تۆھپەڭنىڭ مەڭگۈ كۈيچىسى...

1964 - يىل 9 - ئاي.

## يۇرتۇمدا توي...

توي بۈگۈن، يۇرتۇمنىڭ قوينىدا شادلىق ـ
قۇشلىرى كېزىدۇ دىللار كۆكىنى.
تەبرىكلەر قىز ـ يىگىت مۇقاملار ئېيتىپ،
ئۆكتەبر ئېيىنىڭ قۇتلۇق توينى.

«ھاي يۆلەر» ـــ ئېيتىدۇ بەختىيار خەلقىم،
دەۋرىمنىڭ شەنىگە ئوقۇپ مەدھىيە.

باغلاردا ئويناپدۇ گۈل ـ چېچەك ئۇسسۇل،
نەغمىچى قۇشلارمۇ قوشۇلار كۈيگە.

ياڭرىسۇن ئاسماننىڭ قەھرىگە كۈيلەر،
سازەندىم، چال سازنى، بۇلبۇل سايرىغىن.
ئىچ دوستۇم، شەپەق رەڭ ئۈزۈم شارابىن،
بەختنىڭ ئىلكىدە راسا يايرىغىن.

پارتىيە باشلىغان نۇرلۇق نىشانغا،
چاپقان ئەي تۇلپارلار، ئۆرلەڭلار ئۇدۇل.
بۇ تويدىن تېخىمۇ ئېلىپ كۈچ ـ ئىلھام،
ئۇچۇڭلار، ئالغا تېز كەڭرى داغدام يول...

1964 - يىل 10 - ئاي.

## چىن دوستلۇق

(ئوقۇغۇچى ئاغزىدىن)

مەلىمىزدە دوستۇم بار مېنىڭ،
خۇش پېئىللىق شياۋ لى ئىسىملىك.
چېھرىسىدىن ياغىدۇ كۈلكە،
قىلىقلىرى ئەجەب يېقىملىق.

بىز دوست بولدۇق مەڭگۇ ئايرىلماس،
بىلىق بىلەن سۇدىنمۇ يېقىن.
دوستلۇق گۈلى چاچتى خۇش پۇراق،
سۇ ئىچكەچكە ئىككى ساپ دىلدىن.

ئايرىيالماس بىزنى مەڭگۈگە،
زورلۇق، بوھتان، ھىيلىلەر ھامان.
چۈنكى ئۇلۇغ دوستلۇق يولىغا،
بارلىقىمىز تامام ئاتالغان...

1964 - يىل 10 - ئاي.

## تاڭ لىرىكىسى

سۇبھى تاڭ پەردىسى تۈرۈپ ئۇيقۇدىن،
زەر نۇرلار بەرگەندە كەڭرى ئۇپۇققا.
چوققىلار، بىپايان دالا - ئورمانلار
پۈركىنەر تامامى گۈزەل يوپۇققا.

باغاشلاپ شۇ نۇرنى چىمەنلەر، گۈللەر
بەرگىگە قوندۇرار ئۈنچىدەك شەبنەم.
نۇر ئەكسى ئەيلەيدۇ ئاندا شوخ جىلۋە
غۇنچىلار تەبەسسۇم ئەيلىگەن سەنەم.

ئۇچىدۇ يىپەكتەك مەيىن، شوخ شامال،
تارايدۇ گۈللەرنىڭ پۇرىقى خۇش بوي.

باشلىنار ھەر ھايات، ساناقسىز ئىش - كار،
تەبىئەت قوينىغا تولىدۇ هاي - ھۇي.

نۇرلۇق تاڭ نەقەدەر گۈزەل، پەيزىسەن،
سەن كۆڭلۈك ھاياتنىڭ گويا ئانىسى.
ئانىسەن، شەنىگگە تەسەۋۋۇر پۈتمەس،
ئانىلار ئىچرە ھەم سەن يېگانىسى...

تاڭ بىلەن تۇغۇلدۇم، زۇلمەت تۈن پۈتۈپ،
ھەر نەپەس بولدى يار بەخت ۋىسالى.
ياشلىقىم ئۇلغىيار نۇر ۋە ئىجادنىڭ -
ئىشقىدا، گويا شۇ تاڭدۇر مىسالى...

1965 - يىل 5 - ئاي.

## چىنلىقتىن

چىنلىق ئۇ تەكتىدىن چىندۇر شۈبھىسىز،
يەتمەيدۇ ۋەزنىگە ئالەمچە مەنا.
بىردۇ ھەرقانچە سىناققا بەرداش
قويمايدۇ ئۆزىگە ئەسلا تەمەننا.

كۆرۈنەر بەزىدە جالىقمۇ چىندەك،
ئۆز، ساپلىق تونىنى كىيىپ قەۋەتلەپ.

ئالدار ئۇ كىشىنى تۇرقىدىن ھەردەم،
بەزىلەر ئۆمۈرلۈك قالار پۇشمان يەپ.

ئەزەلدىن چىن، جالىق كەلگەن جور بولۇپ،
ئايرىدۇ ھەقىقەت ئۇنى ئەڭ خالىس.
يارەبىم، ساقلىغىن جالىق زەخمىدىن
بوپ قالغان چېغىدا گاھى ئەقلىم قىس...

چىنلىققا ھاياتىم قۇچاق ئاچىدۇ،
چىنلىقتىن ئىش ئىزىم نۇرلار چاچىدۇ...

1965 - يىل 7 - ئاي.

## دوستۇمغا

ئايا دوستۇم، بۈگۈن ساڭا دوستۇڭ پەندۇ ساۋاق قىلدى،
بۇ ساۋاقنى چۈشەن، — دەپ دىل شەبىستانىغا چىراغ قىلدى.
بىلسەڭ ھازىر دەۋران ئۇلۇغ خىسلەتكە باي، مەنەگە باي،
تەرىپىگە خەلقىم يۈرەك ئىزھارىنى قوشاق قىلدى.
كۈلۈپ باقتى ئۆملۈك ھايات — ئىناقلىقنىڭ دىلبىرى زەپ،
باغدا بۇلبۇل ئۇرۇپ خەندان، ناۋاسىنى قوشماق قىلدى.
لېكىن دوستۇم كىبىر مەيدە، پاراغەتكە چۆكۈپ كەتمە،
بولۇپ كاتىپ تارىخ، ئىجاد مىھنەتلەرنى ساناق قىلدى.

ئىلىم ـ پەننى ئۆگەن، تىرىش، قويما مىنۇت ۋاقتىڭنى بىرىش،
بىلسەڭ كۈتۈپ ئۈمىد سەندىن رىزقىنى ئەل بولاق قىلدى.
ئىلىم ئەھلى ــ دۇنيا كۆزى، مەرىپەتنىڭ نۇر ـ يۇلتۇزى،
ئۇنىڭ ئەقلى، ئۇنىڭ ئىزى ئالەمنى گۈل سىياق قىلدى.
كۆرۈپ «ئا» نى ئىلمەك، دېگەن ۋە «تەس ئەمەس بىلمەك»
دېگەن

كۆزى ئوچۇق كۆرەلمەسكە دۇنيا تۈمەن پۇتاق قىلدى.
بىل رىيازەت بار بۇ يولدا زالالەتنى دائىم ئۆرتە،
ئىجتىھات گەر كەتسە نېرى، دېگىن: ــ شەيتان چاتاق قىلدى.
شىجائەتتىن باغلاپ كەمەر، ئاشقىن قىيا، قۇچ نۇسرەت،
تۆھپىكارغا خەلقىم ئەبەد يۈرىكىنى ياتاق قىلدى.
زىممىسىگە ئارتماي ئىجاد يىل ئۆتمىسۇن ئالدىمىزدىن،
بىل زامانەم بېرىپ مەدەت سىگنالىنى ياڭراق قىلدى.

1965 - يىل 9 - ئاي.

## يالقۇنتاغ ــ يۈرىكىم مېنىڭ

يالقۇنتاغ، ياتىسەن قىزىرىپ چوغدەك،
يۇرتۇمنىڭ قوينىغا قويغانچە سەن باش.
چېچىلار ھۆل ـ ھۆللەپ تەپتىڭ ياز بويى،
رەڭ ئالغان شۇنىڭدىن زەردەك تۇپراق ـ تاش.

تەڭرىتاغ ئاستىدا تۇرىسەن مەغرۇر،
قامىتىڭ توق زەڭگەر ئاسمانىنى قۇچار.
قىيالار، چوققىلار ئۈستىدە ئويناپ
بۈركۈتلەر شوخ پەرۋاز ئەيلىشىپ ئۇچار.

مۇبارەك تاغ ئىتىپ چىققاندا قۇياش،
ھۆرمەتتە ئەگ بالدۇر ئالىسەن كۆتۈپ.
سەن خالىس ئەلچىسى يۇرتۇمغا تاڭنىڭ،
شۇ قىسمەت جىسمىڭغا قويۇلغان پۈتۈپ.

تەبىئەت دەھشىتى ئۆتتى بېشىڭدىن،
تىغ ئۇرۇپ بوران ۋە جۇدۇنلار گاھى.
ۋۇجۇدۇڭ بولمىدى قىلچە زەخىمناك،
بولغاچ بىر چېكى يوق قۇدرەت پاناھى.

جاھانغا ياڭرىتىپ قىلىمەن خىتاب:
يالقۇنتاغ، نېمانچە بۈيۈك خىسلىتىڭ؟!
ماختاش،
دوق،
غەپلەتكە ئېگىلمەس مەڭگۈ،
يالقۇنتاغ، بىلگىن شۇ يۈرىكىم مېنىڭ...
......

1966 - يىل 6 - ئاي.

# داۋام ئېتەر ئىشىمنى ئوغلۇم

زەپمۇ شېرىن — چۈچۈك سۆزلىرىڭ،
قارا، ئۆرلەم بولاق كۆزلىرىڭ؛
چېچىڭ ئۈنچە، بويۇڭ گۈل — غۇنچە،
تولۇن ئايدەك نۇرلۇق يۈزلىرىڭ.

پېشانەڭدە بەخت پارلايدۇ،
ساپ قەلبىڭدە ئۈمىد چاقنايدۇ.
قولغا ئالسام قەلەمنى، جېنىڭ
سۆيۈنىدۇ، زەپمۇ يايرايدۇ.

ئاستا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ،
ئولتۇرىسەن ھەۋەس — زوق قىلىپ.
سومۇرىدۇ بىغۇبار قەلبىڭ،
ئىجادىمدىن ئىلھاملار ئېلىپ.

سەن بىلىسەن، ئىجاد قىلىمەن،
مىسلى ئالتۇن تەرلەر تۆكىمەن.
قېزىپ گۆھەر ئىجاد كانىدىن،
ۋەتەن — ئەلگە تەقدىم ئېتىمەن.

شۇ چاغ مەندىن بىر ئوي كېچىدۇ:
قېرىپ ھايات شامىم ئۆچىدۇ.

لېكىن ئۆچمەس ئىش ئىزىم مەڭگۈ،
ئۇنى ئوغلۇم داۋام ئېتىدۇ...
......

1973 - يىل 2 - ئاي.

## دەۋرىمىز گۈزەل

دەۋرىمىز نۇرلۇق - گۈزەل،
گۈل بولدى دىيارىمىز.
سايرىدۇق بۇلبۇل بولۇپ
كۆلگەچكە باھارىمىز.

يارىلىپ كەڭرى ئىمكان
ئەجرىمىز قەدرى تاپتى.
ئەقلىمىز بولۇپ جارى،
ۋىسالدىن بەھرە تاپتى.

يول راۋان، ئەجەب داغدام،
دەۋرىمىز ئېسىل شۇنچە.
يەنىمۇ گۈللەر چوقۇم،
ئۆمرىمىز بولۇپ غۇنچە.

1973 - يىل 5 - ئاي.

## قايىدا بار؟

پارتىيەم ماڭا سىنىڭدەك بىر غەمگۈزار قايىدا بار؟
جان بەخش ئەتكۈچى گويا مېھرى باھار قايىدا بار؟
يېتىلەپ تۈن قوينىدىن تاڭغا ئۇلاشتۇردۇڭ مېنى،
ئېھ، گۈزەل، نۇرانە ـ پارلاق شۇنداق ناھار قايىدا بار؟
تەربىيەڭ ئەي پارتىيەم، بەردى ماڭا دەرمان ـ قۇۋۋەت،
شان قۇچۇپ ئۆرلەش ئۈچۈن سەندەك مەدەتكار قايىدا بار؟
نەۋ باھار ئەيىامىدىن كۆلدى بەختىمنىڭ دىلبىرى،
تىنچ ھايات مېھنەتكە تولغان بۇنداق دىيار قايىدا بار؟
پارتىيەم — دېسەم تىلىمغا قونىدۇ بۇلبۇل كېلىپ،
ئېيتىمەن غەزەل شۇڭا، بۇنداق ئىپتىخار قايىدا بار؟

1973 - يىل 7 - ئاي.

## كارىز

بىر تومۇز پەيتى، ئىچىپ كارىز سۈيى شەربەتنى مەن،
شۇنىدا ھاياتىم بېغىغا بەردىم گويا زىننەتنى مەن.
ياغدۇرۇپ كارىزچىغا دىلدىن تۈمەن رەھمەتنى مەن،
قەدىرلەپ قىلدىم زىيارەت بۇ كەشپىيات — سەنئەتنى مەن،
كى كۆردۈم خەلق ئەجرىدىن ئالەمشۇمۇل شۆھرەتنى مەن.

قەدىمدىن «ئوت يۇرتى»، «تونۇر» دەپ ئاتالغانىكەن بۇيەر،
كەلسە ياز، تۇپراقۇتاش گويا چوغدەك قىزىپ كېتەر،
تەپتىدىن يالقۇن ئۆرلەپ تاش ئۇچۇرۇپ بوران كېزەر،
دەستىدىن كۆكلەم — گىياھ نابۇت بولۇپ قۇرۇپ تۈگەر،
سىغدۇرۇپ كېتەلمىدىم ئەقلىمگە بۇ ئاپەتنى مەن.

شۇندا ھەر ئىشقا قابىل ئەجدادلىرىم كارىز چېپىپ،
خۇددى ئالماس ئۈشكىدەك تەھتىساراغا كىرىپ،
زەپ سۈزۈك قاشتېشىدەك يەر ئۈستىگە سۇ چىقىرىپ،
باشلىدى كۆكلەم — بىنەم، باغلارغا يېڭى جان بەخش ئېتىپ،
بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتتە كۆردۈم شۇنچە مول بەرىكەتنى مەن.

قاچانكى بىنا بولۇپ كارىز بۇ يۇرتنىڭ قوينىدا،
تەگرىدىن يامغۇر تىلەش تاماھى پۈتكەن چېغىدا،
ئوينىتىپ كەتمەن ـ گۈرجەك ئەجدادلىرىم گاڭ قولىدا،
قىلدى جەڭ ھارماي داۋام — ئارزۇ ـ بەختنىڭ يولىدا،
ئاپىرىن! — دېدىم كۆرۈپ قەلبىمدە بۇ مېھنەتنى مەن.

بۇيلۇقۇم① بولدى بىنا شۇندىن بېرى جەننەت بولۇپ،
يايرىدى كاككۇك بېغىدا سۈبھى دەم خەندان ئۇرۇپ،
تۆرەلدى ئەمگەكتە يار②، ئاستانە③، يەمشى④ نۇرلىنىپ،
بورانۇقۇرغاقچىلىق ھەيۋىسىنى بويسۇندۇرۇپ،
قاغجىراق دەشتتە كۆردۈم مىسلى گۈلزار — سۈرەتنى مەن.

① ② ③ ④ يېزا ناملىرى.

ئاينىدى باغلاردا ئۈزۈم تالى قۇۋۋەتنى قۇچۇپ،
ئوخشىدى ئالما ـ ئانار، قوغۇن شەربەتكە تولۇپ،
قالدى ھەم ئۈزۈم يېمىش دۇنياسىغا بىر شاھ بولۇپ،
كى ئۇلار ئالغاچقا كارىز سۈيىدىن تەم سۈمۈرۈپ،
سۈمۈردۈم ھەر جايدا تېتىپ بۇ كەبى لەززەتنى مەن.

تونۇلۇپ كارىز جاھانغا بىر ھۈيۈك زور كەشپىيات،
بۇ ئەزىز يۇرتۇم غۇرۇرلۇق كۆكسىدە يايدى قانات،
بۇ مىراس ئەمگەكتە بولغاچ بۇ جاي زەپ كۆركەم ـ ئاۋات،
قانچىلەپ سەيياھ كېلىپ ئارىدىقا يازدى قاتمۇقات،
نېمىدەپ تەرىپ ئېتەي بۇ كەبى شان ـ شەۋكەتنى مەن.

ئېھ، بۈگۈن كومپارتىيەم بولغاچقا غەمخور، يار ـ يۆلەك،
قىشۇياز جەڭ باشلىدى تەشنىدە تالماس گاڭ بىلەك،
كۆكسىدە بۇ يۇرتنىڭ كۈلسۇن ئەبەدكە دەپ چېچەك،
لەڭ ئۇرۇپ ئاققان سۇدا كۆردۈم بەختنىن ئىز ـ دېرەك،
شۇ ئۈچۈن قامۇس تۈزەپ يازاي تۈمەنلەپ بەتنى مەن.

1975 ـ يىل 8 ـ ئاي.

## ئۈزۈم

بۇ مۇخەممەستە بايان ئەيلەي ئۈزۈم دۇردانىنى،
خىلمۇخىل مېۋە ئارا يېگانە شاھ ـ سۇلتانىنى،
ھەر يۈرەك سارايىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر مېھمانىنى،

بۇ جاھان باھارىنىڭ كى زىنىتى - خەندانىنى،
شام كەبى تەنىنى ئىرىتكەن لەززىتى - قىيامىنى.

سايۋا ھەم كىشمىش، بىجاقىي ئۆلچە - غۇنچە، قاشقىرى،
ئالدى شىرىنلىكتە زەپ مەرتىۋە چەتتىن تاشقىرى.
ئالدىدا قىلدى خىزمەت قانچە يەرنىڭ ناشپىرى،
تەرىپىگە كۆي - مۇقام قوشتى تۇمەنلەپ ياش - قىرى،
ئەتكۆزگەچ تىلىنى چاك ماختايدۇ ھەر بىر دانىنى.

بولدى بىر جەۋراھكى يۇرتۇم ساپ جاۋاھىر تەرگۈچى،
بىغىدىن ئەھلى - جاھانغا ئابۇ كەۋسەر بەرگۈچى.
جەننەتۇل مەئۋا بىلىپ كەلگەنگە قۇچاق كەرگۈچى،
ئىززەتلەپ مىڭ رەت ھامان مىھمانىنى ئەلا كۆرگۈچى،
تولدۇرۇپ ئۈزۈمگە - مەيگە داستىخان مەيدانىنى.

تاپتۇغۇ ئاغرىق شىپا كىشمىش ئۈزۈم خىسلىتىدىن،
سەزدى چال شىر ئۆزىنى يىگىنىدە ھىكمىتىدىن،
بەخش ئېتىپ ھەر دىلغا خۇشلۇق نۇر ياغدۇرار ئۆز بىتىدىن،
دەرئىمىش: ئەسلا ئۈزۈم چىققان تەگرى جەننىتىدىن،
ئۈزۈمسىز يىمەس شۇڭا ھەردەمدە ئەل تائامىنى.

ئالدى جاي ئۈزۈم جاھان يەرمەنكىدە تەختىنى قۇرۇپ،
كەتتى ھەم قىتئە ئارا ئەزىزلىنىپ ئەرشتە ئۇچۇپ،
باردى بەك ئۇندىن ئىلىمنىڭ ئىززىتى ھەردەم ئۆسۈپ،

باغۋىنىم باركى ئۆزۈم چاقنار ھامىن زۇمرەت بولۇپ،
تارتقۇسى يىلتىزنى ئۇ بويلاپ چوقۇم يەر شارىنى...

1976 - يىل 9 - ئاي.

## مۇنار

ئەي مۇنار، زەپمۇ ھەيۋەت قەددىڭنى ئاسمان ئەيلىدىڭ،
گۈل - نەقىش، زىننەتىڭدىن ئالەمنى ھەيران ئەيلىدىڭ،
ئالدىڭدا ئاققان سۇدەك يىللارنى كارۋان ئەيلىدىڭ،
كىم سېنى كۆرگەن ھامان ئاشىق - غەزەلخان ئەيلىدىڭ،
تا جاھان ئارا تۇمەن سەيياھنى مېھمان ئەيلىدىڭ.

تاڭ بىلەن دۇنياغا مەن كۆزۈمنى ئاچقاندىن بۇيان،
نۇر بىلەن ئاتەش مېھرى - شەپقەتنى قۇچقاندىن بۇيان،
سۆيۈنۈپ تاڭ ۋەسلىدىن مەشرىققە باققاندىن بۇيان،
چېلىقىپ سەن كۆزگە دىل رىشتىمنى تارتقاندىن بۇيان،
كۈندىلا قەلبىم كۆكىدە زەپمۇ سەيلان ئەيلىدىڭ.

شۇ سۈپەت كەتكەندە بىر قانچىلا قىش، ياز ئۆتۈپ،
قىر بۇزۇپ ئوينايدىغان شوخلۇق تۈگەپ، ئەقلىم ئۆسۈپ،
بىر يىلى كەلگەندە ھېيت - ئايەم خەلقنى كۈلدۈرۈپ،
پەشتىقىڭدا شادىيانىڭگە سۇنايىنى چالدۇرۇپ،
ئەل بىلەن شۇندا بېرىپ كۆرمەككە ئىمكان ئەيلىدىڭ.

بىر ئۇلۇغ سېزىم بىلەن كىردىم ئىشىكنى ئېچىپ،
ئۆرلىدىم ئەرشكە يەتمىش بەش پەلەمپەي ئايلىنىپ،
باققىنىمدا يەرگە شۇ دەم كۆرۈندى جەننەت يۈز ئېچىپ،
باغلىرى، قەسىرلىرى گويا ئالتۇندەك سېزىلىپ،
چىن غۇرۇرلۇق ئىلكىدە سەن مېنى سۇلتان ئەيلىدىڭ.

مەن شۇندىن بۇيان سېنى قالغاندا بوش ۋاقىت چىقىپ،
چىن كۆڭۈل - ئىشقىم بىلەن قىلدىم سېنى تاۋاپ كېلىپ،
تۇردۇ كۆكسىمدە قول، جىسمىم تۈمەن كۆزدە بېقىپ،
ھۆرمىتىم شۇ چاغ ساڭا تۇرغان ئەزىم دەريا ئېقىپ،
سەن مېنى ئىشقىڭ بىلەن مەڭگۈگە مەستان ئەيلىدىڭ.

كۆرگىنىم ئويۇن ئەمەس سېنى ئەزەلدىن شۇ پېتى،
كۆرگىنىم نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى بۈيۈك تارىخ بېتى،
كۆرگىنىم ئەجداد - بوۋامنىڭ مەشھۇر، باھاسىز ھېكمىتى،
بارچە گۈل - نەقىش ئارا نادىر ھۈنەرۇسەنئىتى،
سەن ئاشۇ خىسلەتتە بۇ دىيارغا شەرەپ - شان ئەيلىدىڭ.

سەن ئۈچۈن ئەجدادلىرىم ماڭلىيىدىن زەرلەر تۆكۈپ،
لاي ئېتىپ شۇ زەردە، زەپمۇ پۇختا، كۆركەم خىش قويۇپ،
ئىجتىھات قىلىپ ئۇلار ئەقلىنى جارى قىلدۇرۇپ،
(خۇددى بىر چوڭقۇر قۇدۇقنى قويغان كەبى دۈم كۆمتۈرۈپ)،
قىلغۇچە كىملەرنى سەن ۋەيرانۇسەرسان ئەيلىدىڭ؟

ئېچىلىپ شۇ قان - تەردىن ھۆسنىڭدە ھەر خىل گۈل تۈمەن،
بولدى بىر باھارىدىكى خۇش بۇي پۇراق چاچقان چىمەن،

کۆرسە کىم سېنى دېيەر: «کۆردۈمغۇ کارامەتنى مەن،
زەپمۇ ئۆز سەنئىتىدە يوق قىلچىمۇ نۇقسان - ئېۋەن،»
سەن ئۆزۈڭنى قىشـۇياز گۈيا گۈلىستان ئەيلىدىڭ.

سەن پولات تۈۋرۈك بولۇپ تۇردۇڭ نەچچە ئەسىر بويى،
يەتتە قات يەر قەھرىگە كۈنسېرى يىلتىز تارتقان كەبى،
قىلمىدى ھېچقانچە كار چاپقۇن - بوران، توپان سۈيى،
شۇ بوران - قىيان ساڭا بولدى تەبىئەت ئويۇنى،
سەن چىـدام بابىدا بىر ئۆزۈڭنى پالۋان ئەيلىدىڭ.

شۇ سۈپەت تۇرغاچقا سەن ئەللەرنى ئەيلەپ مەھلىيا،
بۇ دىياردا پارلىتىپ سەنئەت - ھۈنەردىن نۇر - زىيا،
ھەم بولۇپ ھەر بېتى چەكسىز مەزمۇنغا باي قامۇس گويا،
خەلقىمىز سانالدى ھۈنەردە ئۇستاز، پىر - ئەۋلىيا.
شۇ بىلەن بۇ يۇرتنى سەن ئەسھابى - ماكان ئەيلىدىڭ.

ۋە لېكىن چىققاندا تەتۈر بىر قۇيۇن ئۇن يىل ئارا،
باسقىنىدا بۇ ئەزىز يەرنى كېلىپ تۈتەك قارا،
شۇم نىيەتلەر كونا دەپ چاپلاپ ساڭا بوھتان - يالا،
بولدى گۇم قىلماق سېنى دىللارغا سېلىپ داغ - يارا،
شۇندا سەن ھەسرەتتە ئۈنسىز زەپ نالە - ئەپغان ئەيلىدىڭ.

ئاقىۋەت كېتىپ تۇمان كۈلگەندە ئاسمان نۇرلىنىپ،
پۈتتى شۇ تۇمان بىلەن سەندىكى تەشۋىش يوقىلىپ،
پارتىيە — نۇرلۇق قۇياش ئىگەيۇغەمخورۇڭ بولۇپ،

چۈشۈرۈپ پەرمان دېدى: «مۇنارنى ئاسرايلى تولۇق،»
بۇ ئۇلۇغ پەرمان بىلەن شادلىقتا خەندان ئەيلىدىڭ.

ئېچىلىپ ئىشىك بۈگۈن دوستلۇق — قېرىنداش يولىدىن،
كەلدى دوست - مېھمان ساناقسىز مەشرىقۇ مەغرىب قويىنىدىن،
كەلگىنى سېنى زىيارەت قىلدى سۆيۈپ چىن كۆڭلىدىن،
ئالدى كۆپ ئەندىزە ئەجدادلارنىڭ سەنئەت ئىزىدىن،
سەن ھەر چاغ خەلق شانىنى دۇنياغا داستان ئەيلىدىڭ.

1976 - يىل 10 - ئاي.

## ئانا

ئەي بۈيۈك خىسلەتكە باي چىن مېھرى ئوت - يالقۇن، ئانا،
ياندى زەپ سەندىن ھايات شامىم ئېلىپ ئۇچقۇن، ئانا.

سەن ماڭا بېغىشلىدىڭ مىسلى باھار ئۆمرۈڭنى نەق،
ئېرىتىپ جىسمىڭنى سۈت ئەيلەپ بولۇپ مەپتۇن، ئانا.

كۈن ۋە تۈن ئالماي ئارام چەكتىڭ رىيازەت مەن ئۈچۈن،
شۇندىمۇ راھەت سېزىپ، ھېچ بولمىدىڭ سولغۇن، ئانا.

بولسا سوغ باغرىڭنى سەن قىلدىڭ تومۇز، گەر ئىسسىسام -
سوۋۇتتىڭ ئاغزىڭدا ھەم ياشىڭنى قىپ سەپكۈن، ئانا.

قالمىدى سەندە ماجال پەسلى باھارىم ئىشقىدا،
تىلىدىڭ بەختىمنى ھەم ھەردەم بولۇپ مەجنۇن، ئانا.

يىتىلىپ قەلبىمدە نۇر چاچتى ۋىسالىڭ ئۈمىدى،
شۇ ئۈمىد بولدى ھامان بەستىمدە بىر جەيھۇن①، ئانا.

ئەل ئۈچۈن كىردىم چىلىش ـ جەڭلەرگە مەن كۆكرەك كېرىپ،
تىتىردى مۇشكۈل تېغى يارغاندا مەن ئۇپقۇن، ئانا.

ئەل ماڭا بەرگىنىدە ئەجرىمگە ئالقىش، بىر ئۆمۈر ـ
خۇشلۇقۇڭنى جەم قىلىپ بولدى چېھرىڭ گۈلگۈن، ئانا.

تەربىيەڭ بەرگەچ ماڭا ساپ غايە، ئەخلاق ـ پەزىلەت،
شۇل سەۋەب ئۆمرۈمگە جور بولدى چەكسىز مەزمۇن، ئانا.

بەسى يوق، سەندەك ئەزىز ئىنسان ئىككى ئالەم ئارا،
غولمانۇھۇر ـ پەرىشتە ئالدىڭدا بىر ئەپسۇن، ئانا.

سەن ئۇلۇغ ھىممەتكە باي، شەپقەتكە باي، ھېكمەتكە باي،
تەرىپىڭ گوياكى سۆز يەتمەس نۇرانە كۈن، ئانا.

گەر غېرىچ مەنزىلگە سەن يەتمەكنى نىشان ئەيلىسەڭ،
مەن قىلاي ھەر چاغ ساڭا گەجگەمنى خوپ پەيتۇن، ئانا.

① جەيھۇن ـــ دەريانىڭ ئىسمى.

بالىلىق قەرزىمنى مەن ئاقلاي بولۇپ مىڭ دەم پىدا،
تۇرمىسام ۋەدەمگە بۇ مەڭگۈ بولاي مەلئۇن، ئانا.

1977 - يىل 1 - ئاي.

## مەردلىك سىمۋولى

پەرۋانە چىن ئاشق بولغاچقا نۇرغا،
كەتمەيدۇ ھەرقاچان ئۇندىن يىراققا.
ئۆتىدۇ دۇنيادىن كۆيۈپ ئاقىۋەت،
ئۇرۇپ ئۇ ئۆزىنى شامغا - چىراغقا.

بولسىمۇ ئۇ كىچىك ئەرزىمەس جانىۋار
ۋە لېكىن بىباھا ئارزۇ بار ئىكەن.
بىئارمان ياشىماس ئاشۇ جېنىدا،
بىر ھېكمەت جىسمىغا ھەر دەم يار ئىكەن.

چەكمىدى زەررىچە، ئۆمرىدىن ۋايىم
سالمىدى ئۆلۈشتىن بۇرۇن قىيقاس - جار.
ئوت - يالقۇن ئالدىدا ئەزىز جان ئۈچۈن،
بولدىغۇ مەڭدەش ۋە قورقۇنچ تارمار.

ئېھ، ئۇندىن ئۆرلىدى ئالتۇن قۇياشتەك،
قەلبىمىنىڭ ئۇيۇقى — كۆكتە ئارمان.
ئەل ئىشقى يۈرىكىم قېتىدا ئاتەش،
بەستىمدە تاغنى قۇم قىلغۇدەك دەرمان...

پەرۋانە نەقەدەر يۈكسەك سىمۋول
ئاچتى ئۇ مەردلىكنىڭ ماڭا يولىنى.
ۋىجدانىم بۇيرۇر دەپ: «قىل ئادا شۇنداق،
نۇرانە دەۋرانغا ھايات بۇرچىڭنى...»

1977 - يىل 4 - ئاي.

## باھار ئىشقى

ئىللىق مەيىن شامال ئۇچار غۇرقىراپ،
سۆيۈپ، ئويناپ نوتىلارنى بىخ سازرگەن.
پۈتمەس شادلىق ئەكەلدى ئۇ دىللارغا.
گۈزەل باھار ۋەسلىگە چىن تەلپۈرگەن.

باھار كەلدى پەرىزاتتەك ياسىنىپ،
ھەر كىشىنى ئاشىق قىلار جىلۋىسى.
چەكسىز يېڭى ئۈمىد - ئىشەنچ بېغىشلار
بولۇپ ھەر بىر دىلنىڭ ئەزىز مېھمىنى.

دېھقان ئاكام مۇنبەت قىرلار قوينىدا،
كۈلەر جاھان تاڭ قالغۇدەك زوقلىنىپ.
ئۈزۈم - ئالما كۆچىتىدە كۈن بويى،
باغۋەن قىزلار پەرۋاز قىلار قۇش بولۇپ.

باھار نۇرى كۈي كۈيلەتتى قۇشلارلى،
بەخش ئېتىپ تەڭدىشى يوق ئۇز جاھان.
ۋاھ، شۇنداق نۇر، گۈزەللىكنى سۆيمەس كىم،
بەھرە ئېلىپ يايراپ تۇرسا بارچە جان.

لىللا سۆزكى، نۇرسىز جاھان يالجىماس،
نۇرسىز قانىمۇ تومۇرلاردا ئۇقچۇماس.
ياشارتىدۇ باھار نۇرى يۈرەكنى،
باھار ئۈچۈن ئىشقىم مەڭگۈ سوۋۇماس...

1978 - يىل 3 - ئاي.

## يۇرتۇمغا گۈزەللىك باشلاپ كېلىسەن

ھەر كۈنى تاڭ بىلەن چىقىسەن ئۆيدىن،
ئەل تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان چاغدا.
ۋۇجۇدۇڭ قۇتلۇق ئىش پەيزىدە شۇ تاپ،
ئاق لەيلى، تەبەسسۇم ئەيلىگەن چاغدا.

قولۇڭدا ئەزىزلەپ ئالغان سۈپۈرگەڭ،
كوچىدا قىلىسەن بىر ئۇلۇغ ئىشنى.
تازىلاپ رەستە — يول، بۇلۇڭ - پۇچقاقنى -
ئەخلەتتىن، ئۆتكۈزدۈڭ تالاي ياز - قىشنى.

پاكلىققا ئۇلغايغاچ قەلبىڭدە سۆيگۈ،
يۈز ئاچار ئىزىڭدىن ئۇزلۇق سىماسى.
غۇبارلىق ياپسىمۇ ساڭا تون ھامان،
چاقنىدى بويۇڭدا نۇرنىڭ جۇلاسى.

ھېچقاچان ئالمىدى پەرداز، ئېگىلىنىڭ -
ھەۋىسى ئۆزىگە سېنى قارىتىپ.
ياراشقان ئاق خالات بەستىڭگە زەپمۇ،
تۇرۇپتۇ پەرىدەك ئەنە كۆرسىتىپ.

ياغدۇرار ئەل ساڭا ئالقىش، ئاپىرىن،
چىنىدەك پاكلانغان يوللاردىن مېڭىپ.
ئۇلغىيار دىلىدا راھەتلىك سېزىم،
ساپ، سۈزۈك ھاۋادىن نەپەسلەر ئېلىپ.

غۇنچىدەك قامەت ۋە ياشلىقىڭ ئۆتتى،
تازىلاپ يوللارنى،
قەلبىڭدە شادلىق.
شەھىرىمگە شۇ ئىشىڭ باشلاپ كېلىدۇ،
تېگى يوق گۈزەللىك،
جۇشقۇن، ئاۋاتلىق...

......

1978 - يىل 4 - ئاي.

## كۈلكە

بۇلبۇللار ئاشىق بوستانغا — گۈلگە،
ئىنسانلار سۆيەر خۇشلۇق كۈلكىنى.
دەردۇئەلەمنى ھېچكىممۇ سۆيمەس،
ياشنىتار كۈلكە ئىنسان كۆڭلىنى.

ئالتۇن شولىنى سۇمۇرۇپ ھەر چاغ،
ياشنار ھۆسنىگە رەڭ ئېلىپ رەيھان.
كۈلكىلەرنى تەرك ئەتمەيدۇ مەڭگۈ،
ھايات قەدرىنى چۈشەنگەن ئىنسان...

ئاشۇ ۋەجىدىن باغچىغا كىرىپ،
سەيلە قىلدىم مەن گۈللەر ئارىلاپ.
بەختلىك دەملەر، ئازادە كۆڭۈل،
ھەر ياقتىن كېلەر كۈلكە جاراڭلاپ.

ۋاھ، ئەجەب بۈگۈن ئۆزگىچە كۈنمۇ؟
كۈلكە، خۇش چاقچاق چىققان ئەۋجىگە.

باغچا ئىچىنى ئەسىرگە ئېلىپ،
تولدۇرغان گۈزەل هايات پەيزىگە.

خۇشلۇق مۇجەسسەم كۆلكە بىلەن تەڭ،
مەستخۇش بۇلبۇل ئويغىنار شاختا.
كۆلكىدىن ئېلىپ تۈگىمەس ئىلهام،
ئېيتار هەۋەستە يېڭىچە ناخشا.

ئاشۇ كۆلكىلەر قانچە كىشىنىڭ،
تارتقاندۇر دەيمەن هەۋەس مەيلىنى؟
قانچىسى ئەزىز هايات گۈلىنىڭ -
ياشنىشى ئۈچۈن قىلغان سەيلىنى؟

شۇنداق كۆلكىدىن قانچە قىز - يىگىت،
مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلىشقان؟
دەۋرنىڭ يېڭى يولىغا خۇشال،
يېتىلىشىپ بىللە سەپەر قىلىشقان؟!

بۇ كۆلكىلەرگە شاهىت بولغان كۆپ،
زىلال، شوخ سۇلار، چىمەنلىك قىرغاق.
هەتتا زوقلىنىپ سۆزلەر مەجنۇنتال،
سالغىنىنى شۇ كۆلكىگە قۇلاق.

گۈزەل باهارنىڭ، يازنىڭ شامىلى
ئېلىپ ئىلكىگە غۇرۇلداپ ئۇچقان.

نامايان قىلىپ ھايات پەيزىنى
سۆيگۈ ئىشقىنى دىللارغا سالغان...

بۇ كۈلكە خۇشلۇق ئىسمىگە سالدى،
بىر چاغدىكى تەشۋىش ـ يىغىنى.
خۇشلۇق ـ كۈلكىدىن بىزار بولغانلار
چىللاپ ئەكەلگەن خورلاش چىغىنى:

سەيلىگاھ ئەمەس، دەردىگاھ ئىدى،
ئاشۇ يىللاردا بۇ يۇرتىنىڭ ئىچى.
ھېچكىممۇ كەلمەس سەيلىنى خالاپ
گۈللەرمۇ قۇرۇپ توزۇغان چېغى.

بۈگۈن سائادەت دىلبىرى كۈلۈپ،
باقتى ھەر كىمگە ئاتاپ ۋەسلىنى.
رايىمىزغا ھەم بېقىپ دەۋرىمىز
ئاتا قىلدى گۈل باھار پەسلىنى.

كۈلكىلەر بىلەن ئۆتەر كۈنىمىز،
يۈرەكلەر قاينام بۇلاقنىڭ ئۆزى.
ھەر قېتىم كۈلسەك پەيزىلىك، چۈشەر ـ
رۇخسارىمىزغا ياشلىقنىڭ ئىزى.

كۈلگەن چېغىمىز ـــ باھاسىز دەملەر،
شاھلىق تەختىمۇ شۇندا نە كېرەك؟

چۈشەنگەن بىز ئەلەم ـ يىغىدىن ـ
تۆكۈلگەنلىكىنى ئۆمۈردىن چېچەك.

زامانداشلىرىم قانغۇچە كۈلگىن،
ھۆر دەۋرىم كەڭرى ياراتتى ئىمكان.
كۈلكەڭدىن كۈلكە بەخش ئەت خەلققە
يۈرەك ـ باغرىڭدا قالمىسۇن ئارمان...

ئەي، شوخ شاماللار، ئۇچۇڭلار تېز ـ تېز،
كۈلكىمىز كەزسۇن جاھان قوينىنى.
قوزغىتىپ جىمى ئىنسان قەلبىدە،
جۇڭخۇا ئېلىمگە ھۆرمەت ـ زوقۇنى.

1978 ـ يىل 5 ـ ئاي.

## روجەكتىن يۈرەككە...

تۇرىدۇ ياپيېشىل بوستان كەينىدىن،
قاردەك ئاق بىر ئۆينىڭ روجىكى قاراپ.
ئۇچرىشىپ قالغاندا كۆزلىرىم بەزەن،
بىر تۈيغۇ كېتىدۇ تېنىمگە تاراپ.

بەخش ئېتەر شۇ تۈيغۇ ماڭا شوخ ئىلھام،
تەسەۋۋۇر، ئەسلىسەم قۇچاق ئاچىدۇ.

ئۆرلەيدۇ قەلبىمدىن ياشلىق ھېسلىرى،
قەلىمىم ئاق بەتلەر ئۆزرە چاپىدۇ.

ئۈزۈلمەس رىشتىمىز باغلانغان بىزنىڭ،
غۇنچىلار ئېچىلغان چېغىدا توپ - توپ.
مەن سەيلە قىلغاندا باغنى، تۇيۇقسىز
ئالدىمغا چۈشتى بىر قىزىلگۈل ئۇچۇپ.

قارىدىم، گۈل تولغان ئاشۇ روجەككە،
تۇرار بىر گۈل چىراي (ئىسمىنى دېمەي).
ئۇ، شۇنچە شوخلىنىپ ھەمدە ئۇيىلىپ،
قاچۇرۇپ تۇرىدۇ ئۆزىنى ئەتەي.

بىلەتتىم ئەزەلدىن قەلبى پاك ئۇنىڭ،
نومۇسقا، ۋىجدانغا، دىيانەتكە باي.
ھالاللاپ ئىچىدۇ ھەتتا قەترىنى،
ئۆتىدۇ، بىسەجىر زەرگە كۆز سالماي.

ئەقىدە باغلىدىم قەلبىگە ئۇنىڭ،
ئىجىللىق يەتكۈزدى نىيەتكە بىزنى.
بىخ سۈرۈپ دىللاردا ئارمان بىلەن قۇت،
سالدۇق بىز يېڭىچە ھاياتقا ئىزنى...

......

ھەر سەھەر ۋە كەچتە چۈشسە نىگارىم،
مىڭ يولنى قىسقارتقان ئاشۇ روجەككە.

سەزگۈرۈم جۇشقۇنلاپ، تۇنجى ئىشقىنىڭ،
يالقۇنى تۇتىشار شۇ دەم يۈرەككە...

1978 - يىل 6 - ئاي.

## بىر ئۆرنەك كۆرۈلدى ئۆمرىڭىز ئۈچۈن...

ئەينەكتەك تۈپتۈز، كەڭ كوچىدا بىردىن،
ئۇچرىشىپ قالغاندا بىر جۈپ كۆزىمىز.
دوقمۇشقا ئۇرۇلغان ۋە يا كاتاڭغا،
چۈشكەندەك پۈتلىشىپ كەتتى پۇتىمىز.

ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدى كۆرگەنلەر،
بىنورمال سىزدىكى ئاشۇ ھالەتنى.
دېيىشتى: «ئۇردىمۇ شەيتان شاملى
ۋە قانداق بوغدى بىر ھېس شۇ قامەتنى؟»...

خىلمۇخىل تەسەۋۋۇر ھەر بىر كىشىدە،
ھەم كەچتى سىزنىڭدىن قانداق بىر خىيال؟
زەپ روشەن كۆزىڭىز، ئۆتكۈر ئەقلىڭىز،
بولدىغۇ سۇسلىشىپ شۇندا خىرە - لال.

ئەسلىمەي كەچمىشنى،
دەسسەپ سالدىڭىز،
مۇھەببەت بېغىدا ئوغرى تىكەننى.

كەلدىڭىز ۋاي ـ ۋۇيلاپ بۆگۈنگە شۇندىن،
تاپالماي پۇشمانغا قاچا دىگەننى.

ھاياتنىڭ تۆگىمەس يولىدا باشتا،
ئالدىراپ بىر قەدەم باسقاچ ھەۋەستىن.
بىر ئۆرنەك كۆرۈلدى ئۆمرىڭىز ئۈچۈن،
مەن كۆرگەن كوچىدا ئاشۇ قىسمەتتىن...
......

1978 - يىل 10 - ئاي.

## ۋەدىسىدە...

ئالتە ياشلىق ئوغلۇم جىدەل قىپ قالدى،
«ئېلىپ چىق، — دەپ، — مېنى كوچا ـ بازارغا.»
دېدىم: «بولدى، ئېلىپ چىقاي، لېكىن سەن،
قىلما جېدەل، ئۇندا يولىسىز — بىكارغا.»

كۆنۈپ سۆزگە ئوغلۇم بەردى ۋەدە كۆپ،
خۇشلۇقىدىن سالدى سەكرەپ ھەم چۇقان.
كىرگەن چاغدا ئەمدىلا بىر دۇكانغا،
تارتىپ پەشنى ئوغلۇم ماڭدى بىر قايان.

كەلدى باشلاپ ئويۇنچۇقلار ئالدىغا،
ئېلېكتىرلىك ماشىنىنى كۆرسەتتى.
باش چايقىسام، ئۈمچەيتتى ئۇ ئاغزىنى،
ھايالىسىزلا ياش «تۆكمىنى» ئەكەتتى.

گۈللىسەممۇ ئاقماي قالدى، نە ئامال،
كوچا تۇرسا باقتىم ئۇنىڭ رايىغا.
تەكرارلىنىپ شۇنداق جېدەل نەچچە رەت،
توشتى ئۇششاق «مال»مۇ ئوغلۇم قويىنىغا.

ئىككىمىزدە ئوخشاشمىغان ھېسسىيات،
ھۆكۈم سۈرگەچ ياندۇق ئۆيگە ئاخىر بىز.
ئۇچراپ قالدى يولدا يېقىن بىر دوستۇم،
دېدى: «بەللى، ئوبدان سودا قىلىپسىز؟»

ئىزھار قىلدىم ئۆيدە قىلغان ئوغلۇمنىڭ
ۋەدىسىنى دوستۇمغا بۇ، بىرمۇبىر.
كۈلگەنچە ئۇ دېدى شۇنداق، مەنىلىك،
چىن كۆڭلىدىن كەچكەن سۆزنى قىلماي سىر:

«ئەمەس بۇنچە ئىشقا ھەيران قالغۇلۇق،
ئۆزىگە خاس مىجەز بارغۇ ھەر كىمدە.
تۇرمايدۇغۇ چوڭلار چېغى سۆزىدە،
كىچىكلەرزە، تۇرالامدۇ ۋەدىدە؟...»
......

1978 - يىل 10 - ئاي.

# زادى قانداق گەپ...

(بىر كىشىنىڭ ئاغزىدىن)

مۇز تۇرامدۇ ئېرىپ تۈگىمەي،
كەلسە باھار، كۆيدۈرسە قۇياش؟
دەرد كەلمىسە كىممۇ كۆزىدىن،
بىھۇدىلا تۆككەنىدى ياش؟

مىڭ ئويلىنىپ، ئۆلچەمگە سېلىپ،
ئىشخانىغا باردىم ھال ئېيتىپ.
باشلىق دېدى: «كېتىپ تۇرسىلا
چاقىرتىمىز، ئەتە ھەل قىلىپ...»

شۇ سۆز بىلەن كۆرسەتتى باشلىق
كۆلۈمسىرەپ ئاپئاق چىشىنى.
ھەم ئۆزىنىپ چىقتى تالاغا،
بىردەمگىنە قويۇپ ئىشىنى.

يىللار ئۆتتى، سادا يوق ئۇندىن،
قەلبىم تولدى غەشلىك ـ ئەلەمگە.
قالدىمۇيا باسالماي ئاياغ
ئاشۇ لايىق يولدا سەنەمگە...

1979 - يىل 1 - ئاي.

# ياشايمەن، باتۇرلۇق ـ غۇرۇر ئىلكىدە

بىگۇناھ ئانىدىن تۇغۇلدۇم يەرگە،
ئۇلغايدىم ئاق سۈت ھەم شەپقەت بەھرىدىن.
قاتارغا قوشقۇچە ئۆپرىدى ئانام
نېسىۋە ئالسۇن دەپ ھەر تاڭ نەھرىدىن.

ئۇلغىيىپ ياشلىقىم بولدۇم نەۋقىران،
ھالال، ئاق سۈت كەبى قەلبىم ئاق بولۇپ.
چاقنىدى مېھنەتتە پېشانە تەرىم
ئەل ئارا ئىززەتكە باردىم كۆمۈلۈپ.

ۋەتەننىڭ، خەلقىمنىڭ سائادىتى، دەپ،
ئەڭ يۈكسەك ئارماندا تاپمىدىم تىنىم.
ئىجاد ۋە ئىختىرا بېغىدا كۆركەم
گۈللەرگە رەڭ بەردى قىپقىزىل قېنىم.

بۇ نۇرلۇق، كەڭ يولدا چىققاندا بەزەن،
تۈزۈتۈپ غۇبار ـــ چاڭ شامال ـ قۇيۇنلار.
بېيىشماق بولۇشتى بەتنىيەت بىر كىم،
ۋە دېدى: «ئوينايمەن ھەر خىل ئويۇنلار.»

چاپلىدى ئۇ ماڭا تۆھمەت ۋە بالا،
ئەيلىدى ئاق دىلىنى قارا بىر ياۋان.

چىقتى يەڭ شىمايلاپ بەزىدە سەكرەپ
ئەلپازى شۇ دەمدە قۇترىغان قاۋان.

ئىچىمدە كۈلمەن ئۇنىڭ پەيلىدىن
شۇ تاپتا ئاتماقتا،
تاغقا ئۇ مۇشتىنى.
كىلمەن رەزىللىك ئۇستىدىن غالىب
ئۆلۈم دەپ سانايمەن ئىزنى پۈكۈشنى.

كۈلمەن

بىر دەقىق ئاشۇ ئويۇندىن،
بىسىم ۋە ئالداشقا باقمىدىم قىيا.
كىرگەچكە قوشۇلۇپ ئوغۇز سۈت بىلەن -
ھەقىقەت قەلبىمدە چاچار نۇر - زىيا.

رەقىبىم ئۆزىچە ئەيلىدى مىنىڭ
ئېتىقاد، ئىزىمنى تامامى ۋەيران.
ئۇ كۆرەڭ قەھرىمان ئۆرلىدى ئەرشكە
كى ياساپ بۇلۇتتىن بىر تەختىراۋان...

چىققاندا شوخ شامال، يوقالدى توزان،
بۇلۇتنى قىلدى پارە نۇرنىڭ خەنجىرى.
ھەقىقەت كۆتۈردى ئالەمدە ئەلەم
پاچاقلاپ تاشلاندى تۆھمەت زەنجىرى.

باش قويدى پۇتۇمغا كېلىپ رەقىبىم
ئىت كەبى يالىدى ئاياغنى شۇئان.
تىلىدى ئۇ رەھىم ـ شەپقەتنى يىغلاپ
كۆزىدىن ئاققۇزۇپ ئەلەملىك ياش ـ قان...

قىلمىدىم مەن پىسەنت ئاڭا قىلچىلىك
نەزەرىم يىراقتا — بۈيۈك تاغلاردا.
يامغۇرلار ياپراقنىڭ چېھرىنى سۆيگەن ـ
ئۈزۈم، يېشىل، مېۋىزار چەكسىز باغلاردا.

ئەقىدەم يەنىلا لىللالىق ـ ھەقلىق،
جايىم ئەل ئارىسى — جەننەتۇل مەئۋا.
كۆڭلۈم كەڭ،
بىپايان
سىغىدۇ دۇنيا
قىلمايمەن تۆھمەتنى سوراقلاپ، داۋا...
......

ماڭا جەم باتۇرلۇق، سېخىيلىق، غۇرۇر،
ئۇلار خاس ھەرقاچان خەلقىمغە پەقەت.
ئۇمىدنىڭ ئىلكىدە ياشايمەن خۇشال
رەزگىلەر خەسكە تەڭ ئالدىمدا ئەبەد...

1979 - يىل 3 - ئاي.

## شېئىر دېگەن...

شائىرلىققا باسقىنىڭدا سەن ئاياغ،
بىر يارىماس ئىللەت بولدى يانتاياق.

شۇ ئىللەتكە بېرەي ئازراق تەنبىھە،
ئالسۇن باشقا دوستلارمۇ ھەم تەربىيە.

× ×

قويۇۋېلىپ ئالدىڭغا كۆپ كىتاب سەن،
شېئىر ئۈچۈن قولغا قەلەم ئالسەن.

ئولتۇرىسەن كېچە ـ كۈندۈز باش قاشلاپ،
مىڭلارچە بەت، خەتلەرگە ھەم كۆز تاشلاپ.

ئاۋۋال گۈزەل، قايسىيداش سۆزنى سەن،
تاللاپ ـ خىللاپ مىسرالارنى تىزىسەن.

ھەم بىمەنە، دەبدەبىلىك ئاتالغۇ،
خاتىرەڭنى قىلار قەسىر، قونالغۇ.

چېتىپ ئۇنى بىر ـ بىرىگە رايىسىز،
قوندۇرىسەن قۇرمۇقـۇرغا دەخلىسىز.

شۇندىن كېيىن پۈتەر «ھەيۋەت، قالتىس» شېئىر،
شېئىرلارغا بولغۇدەكلا شاھۇپىر.

جىسمى ئۇنىڭ ئۆزگە تىلدىن پۈتۈلگەن،
مەزمۇنىغا شەكلىمۇ خوپ كەلمىگەن.

ئوقۇغانلار ئالالماي ھېچ نەپ، پىكىر،
دېدى: «قانداق بىر ئويۇن بۇ، كوزۇر، سىر؟...»

ئىست، ئاڭا كەتكەن ئالتۇن ۋاقتىمىز،
ئاھ، كېلەيلى موللا بولۇپ قايتا بىز...

......

ئاڭلىدىڭمۇ ئىزھارىنى خەلقىمنىڭ،
مەنمۇ «قوشاي ئازراق سۆزنى، قەلبىمنىڭ:»

— ئانا تىلىڭ بارغۇ سېنىڭ باھاسىز،
تىللار ئارا ساپ ئالتۇندەك، غۇبارسىز.

ئانا تىلدا پۈتۈلدىغۇ قانچە تۇم،
باستى قېنى، قايسىسىنى قاچان قوم؟!

بىلسەڭ ھازىر ئانا تىلدەك شاھ تىل يوق،
نازاكەتتە ئاڭا يېتەر تاق تىل يوق.

ھاجەت ئەمەس شېئىر ئۈچۈن ئۆزگە تىل،
مەزمۇنىنى ئەلگە ياقار، يېڭى قىل.

ئەل تۇرمۇشى چەكسىز كەڭرى، مول، قايناق،
چىقار ئۇندىن شېئىر دېگەن بوپ بۇلاق.

شۇندىن ئېلىپ ئىلھامنى سەن شېئىر ياز،
قېنى قانداق چىقمايدىكەن بولۇپ ساز؟...

ياغار ئەلدىن شۇندا ئالقىش - تەشەككۇر،
دېمەك، ئىجاد، شېئىرلىرىڭ چاچار نۇر...

1979 - يىل 4 - ئاي.

## چۈش يېڭى نۇرانە يولغا...

سەن تېخى مەكتەپنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ،
ئۇلغايدى قەلبىڭدە مۇھەببەت ئوتى.
نەسىھەت كىرمىدى قۇلاققا لولۇق
ئېسىڭدىن چىقتى ئەل، ئانا ئۈمىدى.

ئاقىۋەت مۇھەببەت سەۋدايى بولۇپ،
كەچتىڭسەن ئۇلۇغۋار غايە - ئىستەكتىن.
ئىزدىدىڭ بەختىڭنى ئاشىقىڭ بىلەن
گۈلزارلىق، پىنھان جاي،
سەيلە ئەتمەكتىن.

جۇپلەشتى لەۋلىرىڭ، ئاخىرى بەخت -
يۈز ئاچتى، چىمەنلەر بولدى گۇۋاھى.
تىترىدى يۇمران تەن لەززەت كۈچىدىن
كۆرسەتتى بىر ھېكمەت سۆيگۈ ئىلاھى.

......

شۇنداقچە يېگىلىدىڭ بەختىڭنى ئىزدەپ،
چىن بەخت — ئىلىم - پەن بېغىدا، بىلسەڭ.
ئۇنىڭسىز ئېرىشكەن بەخت ئاخىرى
قويىدۇ زالالەت دېڭىزىدا، بىلسەڭ.

ئىزىڭغا باق، ئۆتتى ياشلىقىڭ قانداق،
ئالغىن سەن مەيلىڭنى ھايالسىز قولغا.
ھېلىمۇ دەۋرىمدە ئىمكانىيەت بار،
كەچ ئۇندىن، چۈش يېڭى نۇرانە يولغا...

1979 - يىل 6 ئاي.

## ئاتا نەسىھىتى

پارتىيىنىڭ مېھرىدىن ئوغلۇم،
ۋەتەن باغرىغا گۈل باھار كەلدى.
ئىلىم - پەننى ئىگىلەش ئۈچۈن،
گويا پۈتمەس كۈچ - مادار كەلدى.

ئىلىم - يەنىڭ بابىدا بىلسەك،
ئىجاد - مېھنەتنىڭ گۈلى ئېچىلدى.
زەپەر بىلەن يۈكسەك چوققىغا،
ئۆرلەشلەرنىڭ يولى ئېچىلدى.

ئوقۇ، تىرىش، ئۆگەن داۋامەت،
شىجائەتكە تولۇپ ھەر سائەت.
پېشانەڭدىن ئاققان ئالتۇن تەر،
بەرسۇن ئىلىم بېغىغا زىننەت.

ئەمگەك بىلەن كۆكسىرەر ئورمان،
ئىلىم بىلەن ياشايدۇ ئىنسان.
بىلىملىكنىڭ ئۆمرى ئەل بىلەن،
نادانلارنىڭ ئۆتىدۇ پىنھان.

زامان پارلاق، دەۋرىمىز گۈزەل،
بولدۇق مانا ئەجەب بەختىيار.
پەرۋىش قىلغان ئانا ۋەتەننى،
بىلىم بىلەن ئەيلىگىن گۈلزار...

1980 - يىل 2 - ئاي.

## باھار تۈيغۇسى

غۇبارسىز كەڭ ئاسمان، كۈلدى يەر - زېمىن،
يېڭىچە نۇرنى تۆككەچكە قۇياش.
ۋەتەننىڭ ھۆسنىدە باھار جىلۋىسى،
زەپ نەپىس گۈللەرنى چەككەندەك نەققاش.

چەشمىلەر شىلدىرلاپ ئوقۇر مەدھىيە،
تورغايلار تاڭ بىلەن جور بولار سايراپ.
قاينايدۇ ھەر ھايات قىزغىن، پورۇقلاپ،
مىليونلار قەلبىگە شادلىق بېغىشلاپ...

مانا مەن شۇ باھار قوينىدا خۇشال،
ئالەمچە ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن كۈلىمەن.
ئاقىدۇ دىلىمدىن باھارغا ئىشقىم،
شۇ ئىشقىم تەپتىدىن كۈچكە تولىمەن...

......

ئېھ، باھار، پەسىللەر گۈزىلى ـــ شاھى،
قايسىبىر جان ساڭا بولمىدى مەپتۇن؟
ۋەسلىڭنى ھىجراندا تەلمۈرۈپ كۈتۈپ،
بولمىدى قايسىبىر ئاشىقىڭ مەجنۇن؟

قايسىبىر گۈزەللىك ئاڭا تەڭلەشكەن؟
ئېيتقىنا گۈزەللىك تـەڭرى ـ ئىلاھى؟
ۋە ياكى گۈلىستان باغنى بېزىگەن ـ
ئېيتىڭلار كۆرۈنمەس غايىب ـ سىپاھـى؟

گۈزەللىك دۇنيانىڭ كۆركى ئەمەسمۇ؟
گۈزەللىك كىملەرگە بەرمىدى ھوزۇر؟
گۈزەللىك تۆرەلگەن ئەمەسمۇ نۇردىن؟
گۈزەللىك كىمگە بەخش ئەتمىدى غۇرۇر...

گۈزەللىك نېمانچە يېقىملىق ئۆزۈڭ،
سېنى دەپ ياشايدۇ ھەرچاغ پاك ۋىجدان.
كۆرىدۇ بىر سېنى كۆز بىلەن ئەمەس،
قەلبىدە تۇمەنلەپ كۆز بىلەن ئىنسان.

ياشايمەن ئېھ، گۈزەل باھارغا كۆيۈپ،
باھاردىن تۇغۇلغاچ گۈزەللىك ـ سۇبات.
گۈزەللىك قويىنىغا سىڭىپ كېتىمەن،
قۇيۇنلار ئالدىدا بولۇپ بىر شەمشاد.

1980 - يىل 3 - ئاي.

## گۈزەللىككە ئاشىق مېنىڭ يۈرىكىم

كۆرۈنىدۇ گۈللۈك باغلار زەپ گۈزەل،
تاۋلانغاچقا ئالتۇن نۇردا زۇمرەتتەك.
تارتىپ تۇرار بىئىختىيار ئۆزىگە،
ھەر كىشىنى تەڭداشسىز بىر سۈرەتتەك.

چاقناپ تۇرار غۇنچىلارنىڭ لېۋىدە،
مەرۋايىتتەك تاڭ شەبنىمى — قەترىلەر.
مەست قىلىدۇ دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ،
بىر ئۆزگىچە خۇش بۇيىدىن ئەترىلەر.

تۆكۈلىدۇ كۈي تىلىدىن بۇلبۇلنىڭ،
گۈزەللىككە بولغاچ ئاشىق بىقارار.
باغلار ئارا ئۈنچە چېچىپ قىرغاققا،
ئوينىقلىشىپ سۈزۈك سۇلار شوخ ئاقار.

چۇۋۇلدىشىپ مەجنۇنتاللار ئاستىدا،
ئوينىشىدۇ خۇشال ئوماق بالىلار.
ئۇلار غەمسىز شاھزادىدۇر ھەربىرى،
مەڭگۈگە يات ئازاب قايغۇ - نالىلەر.

باي - خان ئاتام ئالتۇن قۇياش نۇرىدا،
ئېتىزىدا ئىشلەر بولۇپ پەرۋانە.
ھۆر - بەختىنىڭ بولۇپ گويا سىمۋولى،
ماڭلىيىدا چاقنار كۈمۈش دۇردانە.

ئىگە قىلدى بۇندا ھەربىر ئىنساننى،
گۈزەل، ئېسىل خىسلەتلەرگە بۇ دەۋران.
تۇغۇلماقتا شۇ خىسلەتنى ھەر كۈنى،
يېڭى - يېڭى مەزمۇنغا باي كۈي - داستان.

مەن تۇرىمەن مەپتۇن بولۇپ - كۆز ئۈزمەي،
باقىنىمچە شۇنداق گۈزەل ھاياتقا.
ئۇنگە قىلار چەكسىز سۆيگۈ، سۆيۈنۈش،
مېنى شۇدەم تالماس ئالتۇن قانىتقا.

ھەر يۈرەكتە سۆيگۈ، شادلىق ئويغاتقان،
مۇھەببەتكە ئانا بولغان ھايات ئۇز.
گۈلشەنلەرگە ئايلاندۇرغان زېمىننى،
چوققىلاردەك مەزمۇت، باتۇر - سۇبات ئۇز.

قارىغانچە يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن،
ئۆرلەپ تۇرار چىن سۆيگۈدىن ھارارەت.
تەپتى ئۇنىڭ گۈزەللىككە رەڭ قوشۇر،
ئۇ يېتىلگەچ نۇر سۈمۈرۈپ داۋامەت.

گۈزەللىككە ئاشىق مېنىڭ يۈرىكىم،
ياشىسۇن! دەر گۈزەللىكنى ئەبەدكە.
گۈزەللىكنى ئۇلغايتىشقا ۋۇجۇدۇم،
تولدى بۇ دەم ئىزگۈ نىيەت، قۇۋۋەتكە.

1980 - يىل 4 - ئاي.

## سېنى...

مەن كۆرۈپ جىسمى گۈزەل - پەرى ئارا سۇلتان، سېنى،
بىر ئۆمۈر بولار دېدىم سەممىي، مېھرىبان، سېنى.

ئەيلىدىم ئىشقىمنى مەن ئىزھار، ساداقەت بىلدۈرۈپ،
ئۇچرىتىپ گۈلزار ئارا سەيلىدە تاق، پىنھان، سېنى.

مەن ئۇچۇپ كۆككە شۇ دەم شېرىن جاۋابىڭ بەرگىدىن،
كى بىلدىم جاھاندا بىر تەڭدىشى يوق غۇلمان، سېنى.

ئۆتتى كۈن، يۈردۈم ئىشىق سەھراسىدا مەجنۇن بولۇپ،
يارىتار ھەمدەردتە، دەپ ۋەسلى ئۈچۈن، ئىمكان، سېنى.

بىر كۈنى باغچا ئارا غەيرىي بىلەن قالدىم كۆرۈپ،
قىلدى ئۇ ئەپچىلگىنە مەندىن شۇ تاپ پىنھان، سېنى.

— نېمە ئىش؟ — دېدىم، تۇتۇپ قالدىم ياقامنى بىرھازا،
دەپتۇمەن بەرمەيدۇ، دەپ ۋەدىنى جا - يالغان، سېنى.

ئەقىدەم كەتتى ئۇچۇپ سەلكىنىدىكى قامىغاق بولۇپ،
بىلمەيمەن بەرگەچكە مەن كۆڭلۈمنى چىن - ئوبدان، سېنى.

ئەمدى مەن بىلدىم ئالا كۆڭلۈڭگە قاغىش مىڭ قېتىم،
باب كېلەر دېسە بۇ ياق قىلغان ئەسىر - شەيتان، سېنى.

بىر نەپەس كۆڭلۈم مېنى قالدۇردى پۇشايمان ئىلكىگە،
دەپتۇمەن ئىچى - تېشى ئوخشاش گۈزەل ئىنسان، سېنى.

تائەزەلدىن مۇھەببەت بابىغا زىتكەن قىلمىشىڭ،
قىلمىشىڭ جەزمەن قىلار بارماي ئۇزاق ۋەيران، سېنى.

تارتمىسۇن ساپ كۆڭلىدىن مەندەك زىيان، خالىس كىشى،
تېز قىلاي زىنھار لەنەت چۆلىگە سەرگەردان، سېنى...

1980 - يىل 6 - ئاي.

## قايىدادۇر...

بىئەجىر يۇرسەڭ ئەگەر دوستۇم ساڭا نان قايدادۇر؟
بولسىمۇ نان، ئۆمۈرلۈك راھىتى جان قايدادۇر؟

ئۆتتىغۇ كۈن ئايلىنىپ، بولدى كۆڭلۈم خۇش بىر نەپەس —
يۈرمە دەپ، بىلگىن بۇنى چىن كۈلكە - خەندان قايدادۇر؟

ئەستە تۇت بولاي دېسەڭ دوستۇم ئەبەدكە بەختىيار،
ئىشقا سال ئەقلىڭنى سەن دەل ۋاقتى — ئىمكان قايدادۇر؟

دەۋرىمىز سالدى ئىجاد، ئەمگەكتە قىزغىن بەيگىگە،
چۇش! ئۈزۈپ چىق ئالدىغا، سەن كەبى پالۋان قايدادۇر؟

تاشنى قۇم ئەيلەيدىغان چاغلىرىڭ بۇ قولدا سىقىپ،
كەتسە پەيت ياش تۆكمىگىن دېگەنچە: «دەرمان قايدادۇر؟»

ئىجتىھات قىلغىن بىلىم بولسۇن ئەبەدكە كۈچ - قانات،
غەيرىتىڭ ئالدىدا باش ئەگمەسكى ئاسمان قايدادۇر؟

چىقارغاي خەلقىم سىنىڭ شەنىڭ ئۈچۈن بارماق ئىگىز،
شۇندا دەر ئىقبال بىقىپ: «سەندەك قەدىردان قايدادۇر؟...»

1980 - يىل 7 - ئاي.

## سەن قەلبىم قۇياشى،
## سەن پۈتمەس پەخرىم

بىر يالقۇنلۇق ناخشا مىنىڭ ئىيتقىنىم،
يۈرىكىمدىن داۋام ئۇرلەر فونتاندەك.
كۆيلىنىدۇ ئاندا ئۇلۇغ بىر ئىنسان،
ۋالىلدىغان تاڭ ئەلچىسى، چولپاندەك.

دولقۇنلىغان دەريا ئاڭا ھۆرمىتىم،
مۇھەببىتىم دىل كۆكىمدە تۇغ - بايراق.
چىقماق بولسا گەر ئىگىزگە ھەرقاچان،
مەن بولىمەن شوتا ياكى يانتاياق.

ئۇ ئۇستازىم ئەل ئىچىدە ئەڭ بۈيۈك،
كۆڭلى جاھان كەبى كەڭرى بىپايان.
مىھرىگە جەم مىڭ ئانىنىڭ مىھرى ھەم،
كۆزلىرىدە سىخىي، مەردلىك نامايان.

ئويغاتتى ئۇ ئارزۇ - ئارمان تۇنجى رەت،
شەپقىتىدىن يېقىپ دىلغا نۇر - چىراغ.
ئىلىم بولدى ماڭا شۇندىن ئەگگۈشتەر،
ياشلىقىمدا تاپتىم ئۇندىن مەن روناق.

ئېرىپ تۈگەر ئۇ شاگىرتلار ئالدىدا،
ئىلىمدىن نۇرلار چېچىپ شام بولۇپ.
جاپالارنى كۆتۈرۈشتە بىر تاغ ئۇ،
قۇيۇنلاردا تۇرار ھەيۋەت دام بولۇپ.

جان ردشتىمنى، ئەقىدەمنى باغلىدىم،
ئېھ، سۆيۈنۈپ ئۇستاز، سىزگە ئەبەد مەن.
جاھان ئەھلى سورىسا گەر: — غۇرۇرۇڭ -
قېنى؟ — دېيان،
— ئۇستاز، — دەيمەن ھەر رەت مەن.

ئاشۇ پەخرىم قانلىرىمدا مەۋج ئۇرۇپ،
ئاشۇرىدۇ ھەردەم يۈكسەك سۆيگۈمنى.
بېرىپ ماڭا ئۇستاز ئالىي پەزىلەت،
يالقۇنلاتتى ئەلگە دىلدا كۆيگۈمنى.

ئۇستاز بۈيۈك، ئۇستاز ئۇلۇغ ھېكمەت ئۇ،
ئالتۇن بولار ئۇندىن سايىنىڭ قۇم - تاشى.
نادانلىقنىڭ تۈنلىرىنى ھەيدىگەن،
ئۇ مەرىپەت دۇنياسىنىڭ قۇياشى.

مىڭ رەت ھەجگە بارغىنىمدىن زىيادە،
ئۇستازىمنى بىر زىيارەت قىلغىنىم.
بەختىم مېنىڭ كۈيلەپ ئۇنىڭ شەنىنى،
— بارچە جاندىن ئۇزاق ياشا! —
دېمەكىم.

1980 - يىل 9 - ئاي.

## سىڭىپ كېتەرمەن

زۇلمەت پۈتۈپ قۇياش چىققاندا،
تۆرەلدىم مەن كۈلۈپ دۇنياغا.
يۇيۇنۇپ نۇر ئىچىدە ئۆستۈم،
ئايلىنىپ شوخ كۈلكەم ناۋاغا.

ياشنار ۋەتەن مېھرىدە ئۆمرۈم،
شۇ مېھرىنى جان دەپ بىلەرمەن.
كۈلكەم بىلەن ۋەتەن قوينىغا،
نۇرغا ئوخشاش سىڭىپ كېتەرمەن...

1981 - يىل 4 - ئاي.

## ياتىدۇ بۆشۈكتە

ياتىدۇ بۆشۈكتە ئاي سىياق ئەۋلاد،
كۆزلىرى تاڭدىكى چاقنىغان چولپان.
چېھرىدە ئالتۇن نۇر ئەيلەيدۇ جىلۋە،
مىسالى غۇنچە ئۇ بەرگىدە تولغان.

ياتىدۇ بەختىنىڭ بۆشۈكىدە ئۇ،
چىكى يوق شادلىقتا چۆمۈلۈپ ھەرچاغ.
ھارغىنلىق، غەملەرنى قوغلار كۈلكىسى،
ئۇ بار جاي بىر ئاۋات بازار، ئېرەمباغ.

باقىدۇ قانچىلەپ كۆزلەر ئۇنىڭغا،
قۇياشنىڭ تەپتىدەك مېھرلىك دىللار.
بىغۇبار تىلەكلەر ئۆستۈرەر ئۇنى،
بېغىشلار پۈتمەس كۈچ، ئەقىل ئاي، يىللار.

ئۆسەر نۇر سۈمۈرۈپ بەخت ئېلىدە،
نۇر كەبى ئاق دىللىق بىر ئۇلۇغ ئىنسان.
خۇنۈك دىل سېزەلمەس بىر قاراپ ئۇنى،
بۇ ئۇدۇم، ھازىرچە سەبىدە پىنھان...
......

1982 - يىل 5 - ئاي.

## قـۇچـىـمـىـز...

كۈلۈپ ئالتۇن نۇر چاچتى قۇياش،
باغ - ۋادىلار نۇرغا چۆمۈلدى.
بەھرە ئېلىپ نۇردىن گىياھلار،
ياشناپ گۈزەل ھۆسنگە تولدى.

سابا ئېلىپ كەلدى بېيجىڭدىن،
قۇرۇلتايدىن شۇندا خۇش خەۋەر.
بۇ خەۋەردىن دەرياغا ئوخشاش،
شاۋقۇنلىدى يېزا يۇشەھەر.

ئاخباراتنى ئوقۇدۇق قىزغىن،
ئۇندا بولغاچ ئارزۇلار ئايان.
قۇچتى زەپمۇ يۈرىكىمىزنى،
شۇندا چەكسىز شادلىق ـ ھاياجان.

كومپارتىيە قىلدى چىن سۆزنى،
خەلققە بولۇپ دىلكەش ـ غەمگۇزار.
چۇشەندىغۇ يۈرىكىمىزنى،
كىچە ـ كۈندۈز بولغاندەك ئەسرار.

ئۇرغۇپ كەتتى روھىمىز بىزنىڭ،
ئاندىنمۇ بەك قۇدرەت ـ كۈچىمىز.
يېتىش ئۈچۈن يېڭى مەنزىلگە،
ئىككى قاتلاپ زەپەر قۇچىمىز...

1982 ـ يىل 6 ـ ئاي.

# يارىتىمەن داستان - ھېكايە

مەن يېزىغا چىقسام تۈنۈگۈن.
ئۆزگىچە بىر ئاپتۇ تۈس — مەزمۇن.
مەھەللىلەردە، ئېتىز - قىرلاردا،
ھايات - مېھنەت قىزغىن ۋە جۇشقۇن.
ئۇچراپ قالدى ئېتىزدا بوۋام
جاسارەتتىن كۆزىدە ئۇچقۇن.
سۆھبەتلەشتۇق بىردەمگىنە بىز،
قىر بېشىدا تۈزۈشۈپ سورۇن.
ئىزھارلىدى بوۋام سۆزىدە
يېزىمىزنىڭ قەلبىنى پۈتۈن:
— ۋەتەننى گۈل، گۈزەل، بەختىيار -
قىلماق ئۇلۇغ ئارزۇ ۋە غايە.
بۇ غايىگە يېتىشكە چوقۇم
ئارزۇلارلا بولماس كۇپايە.
قۇرۇلتايدا يېڭى بىر نىشان
سىزىپ چىقتى ئۇلۇغ پارتىيە.
شۇ نىشاننى جانۇدىل بىلەن
قىلىمەن مەن قەتئىي ھىمايە.
ئەكس ئەتتۈرۈپ كۆڭلۈمنى مېنىڭ
بەردى پۈتمەس روھىي دەسمايە.
يارىتىشقا يېڭى بىر دۇنيا

قىلىمەن جان ـ تەننى سەرمايە.
چۈنكى كەلمەس بەخت كۈرەشسىز،
توسقۇن بولماس ياۋاش ـ سىپايە.
نۇر چاقنىتىپ يارىتىمەن مەن
ئەل ئالدىدا داستان ـ ھېكايە...

1982 - يىل 7 - ئاي.

## سۆھبەتتە

بىر كۈنى كەچ تاماقتىن كېيىن،
بوۋام بىلەن بولدۇم ھەمسۆھبەت.
بىر چاغ سۆھبەت كۆچۈپ بەختكە،
خۇشاللىقتا چۆمۈلدۇق قەۋەت.

بوۋام دېدى: — رەھمەتلىك دادام،
(ئۇ كۆرمىگەن خوۋلۇق ئۆمرىدە)
ئېيتقانىدى قانچە رەت ماڭا،
ئازاد زامان، ھۆرلۈك ۋەسلىدە:

«بالام چوقۇم كېلەر بىر كۈنلەر،
توقچىلىقتىن سۆيۈنگەن ھەر جان.
قىرىق يىلمۇ بەخت قوينىدا
قىرىق كۈندەك بىلىنمەيدىغان...»

مانا ئەمدى كەلدى شۇ كۈنلەر،
دادام ئارزۇ قىلغان، كۆرمىگەن.
پارتىيىمىز دانا، ئۇلۇغكەن،
بەخت ـ تەلەي، ئامەت ئەكەلگەن.

پاراۋانلىق يارىتىپ تەردىن،
يەتمەكتىمىز ئارزۇغا تامام.
ئەۋلادلارنىڭ تەلىيى ئۈچۈن
قىلسۇن مەڭگۈ بۇ زامان داۋام...

1982 - يىل 8 - ئاي.

## بەختلىك يىللار...

(دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

چاقچاق قىلدىم بىر كۈنى كەچتە،
دىلبىرىمگە ئۇيىنىشىپ قەستەن:
— نەچچە باللىق بولۇپ قېلىپمۇ،
كۆرۈنىسەن كۈندىن ـ كۈن لەۋەن؟...

ئۇ قاقاقلاپ كۈلگەنچە دېدى:
— گۈزەللىشىپ بارامدىمەن مەن؟

دېدىم: — شۇتاپ ھۆر - پەرى سەندىن،
ئاسمان - زېمىن پەرقىدەك تۆۋەن.

قاقاق ئۇرۇپ كۈلدى بىر ھازا،
كۆلكىسىگە كۈلكەم جور بولدى.
بۇ كۈلكىمىز زامان شەنىگە،
ياڭرىغان بىر غەزەل، خور بولدى.

راست - دە، دوستلار، ھايات گۈل بولسا،
گۈل كۆرۈنەر ھەر نەرسە كۆزگە.
كۆڭۈل خۇشلۇقى — ئۆمۈر خۇشلۇقى،
چىقار كۆڭۈلنىڭ ئېكرانى يۈزگە...

1982 - يىل 9 - ئاي.

## ئىشقا سال...

سىياقىڭنى بىرلا كۆرۈپ، بولدى كۆڭلۈم شۇندا لال،
ئېچىنىش - ھەسرەت دىلىمنى قىلدى زەپمۇ رام - قامال.

بۇ سائادەتلىك زامان بەرسە ساڭا ئىمكانىنى كەڭ،
سەن بىلىپ ياشلىقنى ئەلا ئويناپ - كۈلۈپسەن بىمالال.

ئىجتىھات بىرلە خەلقىم دەپ تۆكسە تەر تەڭتۇشلىرىڭ،
سەن يۈرۈپ بىھۇدىلا ئۆمرۈڭگە قىپسەن كۆپ ئۇۋال.

نەۋ باھار كەتسە، زىمىستان پەسلىدە گۈل سولغۇسى،
توزۇغان شۇندا چېچەك بەرگەنمۇ قايسى ۋاقتا بال؟

دەۋرىمىز ئايرىپ چىقار ساپ زەر بىلەن زەڭنى ھەق،
ئۆيغىنىپ، خەلقىم ئۇچۇن ئەقلۇكۆچۈڭنى ئىشقا سال...

1983 - يىل 4 - ئاي.

## ماي كەلگەندە

(دوستۇمنىڭ ئاغزىدىن)

ماي بايرىمى ھەر كەلگەن چاغدا،
چۈشەر كىچىك بىر ئىش يادىمغا.
ئىز سالدى ئۇ كىچىك بولسىمۇ
پاك، غۇبارسىز يۈرەك - باغرىمغا.

«زور ئىنقىلاب» ماڭغان چاغ ئىدى،
ۋەسۋەسىگە دىللارنى سىلىپ.
ئولتۇراتتۇق دوستلار جەم بولۇپ،
ماي ئىيىنى قۇتلاپ، ساز چېلىپ.

«ھايات كۈيى» ئىدى ناخشىمىز،
مۇھەببەتلىك ئەلگە - ۋەتەنگە.

لەززەتىدىن ۋاپا ـ سادىقلىق
غەيۇرلۇقنى سىڭدۈرەر تەنگە...

كەلدى نەدىن باستۇرۇپ شۇندا،
ئىسيانكارلار بۇزۇپ پەيلىنى.
ھەيۋە بىلـەن ئىلكىگە ئالدى،
خۇشاللىقنى، يۈرەك مەيلىنى.

دېدى بىرى: — نېمە ئېيتقىنىڭ؟
نېمە بۇنداق بولىسەن خۇشال؟
سېرىق ناخشا ئېيتقان ئاغزىڭغا،
كەلمەمدىكەن «ئۇرايلى» بىلەن
«ئاتلىنايلى ھۇجۇمغا دەرھال»...؟!

ئوقۇمايسەن نېچۈن توختىماي
«ئىنقىلابىنىڭ دەستۇرى» نى سەن؟
بۇ مىسلىسىز ھەرىكەت چاقىنى
قايتۇرۇش بۇ ئولتۇرۇش جەزمەن...

قويۇپ ھەر خىل «پولاتتەك پاكىت»
ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى قىلدى.
ئالماشتۇرۇپ كىيدۈردى شۇندا
چىمەن دوپپىغا «مۇنار» دوپپىنى.

نېمە ئامال، سالدى كوچىغا،
كومېدىيە ئويىنالدى شۇدەم.
قارشى ئېلىپ ماي ئېيىنى بىز
دۇمباق چېلىپ توۋلىدۇق «سەنەم»...

ئاھ، ئۇ چاغلار شۇنداق چاغ ئىدى،
ئەسلىمەيلا قويايلى ئۇنى.
قۇتلۇق يېڭى بۇ ماي شەنگە
تولدۇرايلى زەپەر جامىنى...

1983 - يىل 5 - ئاي.

## گۈل يېزام

ئەسسالام، «سەھرايى چول» ئالتۇن دىيار،
تەرىپىڭ دىلدا زىكرىم، تىلىمغا يار.

سېغىنىپ كەلدىم سېنى، كۆكسىمدە قول،
قىل قوبۇل ھۆرمىتىڭگە ئالەمچە تار.

سۇلىرىڭ ئابىھايات، ئىپار ھاۋا،
ئۈزلۈقۇڭ گوياكى بىر جەننەتچە بار.

ئالتۇن رەڭ شولا بەخش ئەتتى زىننەت،
لەئلىدەك چاقنار ھۆسنىڭ زەپ بىغۇبار.

چېكى يوق ئېتىز - باغلار بەردى نېمەت،
كەلسە گۈل پەسلى يازۇكۈز ۋە باھار.

يايلىقىڭ گويا نەپىس سەرخىل گىلەم،
يايرايدۇ ئۇندا سانسىز قوي، كالا، نار.

ئەي يېزام، سەندە بۈگۈن كۈلدى ھايات،
ئۇرغۇدى ئەل قەلبىدە زوق - ئىپتىخار.

بۇ يېڭى دەۋرىم ساڭا ياقتى ئەجەب،
پارتىيەم تىخى يەنە كەڭ يول ئاچار.

ئەي يېزام، دىلبەر دىيار، بەختكە يار،
سەندە ھەر ئۆسكەن گىياھ بولدى ئەفسار①.

مەڭگۈگە ياندى ئىشقىڭ يۈرىكىمدە،
ئارمىنىم: قىلماق شۇنى نەزمە - ئەشئار...

1984 - يىل 4 - ئاي.

## گۈلىستان پەيزىدىن...

ئۇزاتتۇق بىر يىلنى زەپەرگە كۆمۈپ
ئۇ كەتتى ئۆمرىدىن بولۇپ خۇش - مەمنۇن.
كەتسىمۇ مېھرىنى ئۇزەلمىدى ھېچ
ياندۇرۇپ قەلبىدە بىر ئۆچمەس ئۇچقۇن.

---

① ئەفسار ــ تاج.

ئۇ كەتتى، گويا ئۈز ـ لەۋەننى تۇنجى رەت
بولغاندەك ئاشىقى ۋەسلىگە مەپتۇن.

بولغاندەك ئاشىقى ۋەسلىگە مەپتۇن،
تەلمۈرەر ئۇ ھامان ئېچىپ كەڭ قۇچاق.
كۆكسىدە بار ئۇنىڭ زەپەر گۈللىرى
مۇجەسسەم گۈزەللىك — خۇش بۇي، بىساناق.
ئۇزاتتۇق قانچىلەپ يىلنى بىرمۇبىر
بولمىغان كەتكۈچە ھېچبىرى مۇنداق.

بولمىغان كەتكۈچە ھېچبىرى مۇنداق،
نېچۈن ئۇ مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى؟
بەرىسمۇ ئۆزگىگە رىزالىق ئورۇن،
نېچۈن ئۇ قەلبىگە ھىجراننى سالدى؟
ئەلەم ۋە ھەسرەتتىن ئەسەر يوق قىلچە
نېچۈن ئۇ ۋەزنى تاغ بۇ يۈكنى ئالدى؟...

نېچۈن ئۇ ۋەزنى تاغ بۇ يۈكنى ئالدى؟
ئەسلىسەم بولدى كۆز ئالدىمدا روشەن.
ئۇ يىلنىڭ باسقان ھەر ئىزىدا بىنا
مىسالى بولدى ئۆز گىلەمدەك گۈلشەن.
سايرايدۇ كاككۇكلار چېچەكلەر ئارا
تاڭ بىلەن نۇر ـ زىيا چاچسا كۈن بەلەن.

تاڭ بىلەن نۇر ـ زىبا چاچسا كۈن بەلەن،
ياڭرار شاد ھەر ياندىن مېھنەت ناۋاسى.
قارىسام مېھنەتكەش چېھرىدە ئوينار
بۇ يېڭى زاماننىڭ بەختى ـ جۇلاسى.
كۆردى ئۆز قەدرىنى مېھنەت ئاشىقى
بەخش ئېتىپ كۈچ قۇتلار ھەر تاڭ ساباسى.

بەخش ئېتىپ كۈچ قۇتلار ھەر تاڭ ساباسى،
پەيزىدىن سېزىلەر جەننەت ھۇزۇرى.
ھەر بىر جان سەلتەنەت تەختىدە گويا
بىر شاھكى، مەۋج ئۇرغان خۇشلۇق ـ غۇرۇرى.
يوقالدى دىللاردىن غەمنىڭ تۇمانى
چاقنايدۇ ھەر دىلدا بەختنىڭ نۇرى.

چاقنايدۇ ھەر دىلدا بەختنىڭ نۇرى،
ۋە تولۇر ھەر تەنگە تۈگىمەس قۇۋۋەت.
ئەل ـ ۋەتەن ئۈمىدىن يۈرەككە تېگىپ،
پەڭگاھتا جەڭ قىلار باتۇرلار ھەيۋەت.
ھېرىش يات ئۇلارغا، بولغان ئۇيۇلتاش،
يارىتىپ يېڭىچە كارامەت، خىسلەت.

يارىتىپ يېڭىچە كارامەت، خىسلەت،
قالدۇردى ئۆتكۈنچى يىللارنى ھەيران.
يىل سىناش قەستىدە سالدى كۆپ توسۇق،
ياغدۇرۇپ يامغۇر ـ سەل، چىقىرىپ بوران.

بەزەن بىر شەيتانلار قۇردى دام ـ تۇزاق،
بەربىر تامامى بولدى گۇم ـ ۋەيران.

بەربىر تامامى بولدى گۇم ـ ۋەيران،
ئۈستىدىن كەلدى خوپ غالىب شىجائەت.
بەخش ئەتتى شىجائەت تالماس گاڭ قانات
ئاتلاشقا چوققا ۋە ھاڭنى ھەر سائەت.
شىجائەت قەلىمىدىن يۇرتۇم ئۈستىگە
سىزىلدى ئەڭ گۈزەل بىر نەپىس سۇرەت.

سىزىلدى ئەڭ گۈزەل بىر نەپىس سۇرەت،
تارتتى ئۇ ئۆزىگە ھەر دىل مەيلىنى.
ئەكەلدى قوينىغا سىپھىر كۆچىدىن
قانچىلەپ سەييارە، جاھان ئەھلىنى.
كەلگىنى ئالەمچە شادلىققا تولۇپ
قىلىدۇ زىيارەت، خۇشال سەيلىنى.

قىلىدۇ زىيارەت، خۇشال سەيلىنى،
گۈزەللىك پەرىسى بولغۇنچە شەيدا.
ئېيتىڭلار جاھاننى كەزگۈچى قۇشلار
دىلىمدا بوپ قالدى بىر سوئال پەيدا.
مەن ئېيتاي، بىرىڭلار جاۋابىنى ھازىر
بۇ كەبى گۈلىستان يارالغان قايدا؟..

بۇ كەبى گۈلىستان يارالغان قايدا؟
كۆرگىنى كېتەلمەس شۇڭا ھەرقاچان.
قالسام، دەپ تەلمۈرەر ئۆتكۈنچى يىلمۇ
نە ئامال؟ تۇرسا بۇ تارىخ بىر كارۋان.
خوش ئەمىسە، كېتەر كونا يىل، كۈلۈپ
قەلبىمدە قالمىسۇن ئارزۇ ۋە ئارمان.

قەلبىمدە قالمىسۇن ئارزۇ ۋە ئارمان،
رىزالىق بەر ئورۇن بۇ يېڭى يىلغا.
پۈركەپ ھەر مىنۇتنى زەپەر گۈلىگە
پارتىيە باشلايدۇ نۇرانە يولغا.
ئۇيۇشۇپ تېخىمۇ، بۇندىن گۈزەل يۇرت
قۇرىمىز لايىق - خوپ ئارزۇ - ئەقىلغا...

1985 - يىل 1 - ئاي.

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىغا

ئەدىقۇت باغرىدا تۇغۇلدى چولپان،
نامىدۇر خەلقىمدەك بۈيۈك «ئۇيغۇر»ى.
زۇلمەت تۈن باغرىغا چاچتى ئوت - يالقۇن
تەڭلىك دەپ جىسمىدە يانغان غۇرۇرى.

«ئويغان!» — دەپ چىللىدى ياڭراق سادادا،
كۆرەشكە غەپلەتتە ياتقان ئوغلانىنى.

تەمترەتتى بۇ سادا ئەرگكە تەشنا ـ
تارىخنىڭ شاھىتى ئانا تۇرپاننى.

دېيدىغكى «كۆرگۆلۈك» ۋە يا «ئۆلگۈلۈك»
بۇ جۈملەڭ پاساھەت، مەردانە خىتاب.
ئەقىدەڭ باغلاندى ھەقىقەتكە چىڭ
ئەلگە خاس ۋىجدانىڭ قىسسەيۇكىتاب.

تۇرسىمۇ زۇلۇمنىڭ چەمبىرى ئوراپ،
نەزەرىڭ ئەيلىدى تىرناقچە بىر خەس.
ئۆرلىدى بالقىغان قۇياش مىسالى
قەلبىڭدە ئازادلىق تۇيغۇسى پەۋەس.

× ×

پىرۋقىرىم ئاپتاپقا كۆيگەن مايسىغا
ئاھۇ كۆز كارىزلار بەرگەندەك دەرمان.
غەزىلىڭ دىلدىكى تۇماننى سۈرۈپ،
ئويغاتتى مۇسەپپا ئاھ شېرىن ئارمان.

ياراتماق ئىزدىدىڭ ھەر خانىغا قۇت،
نالىلەر ئورنىنى ئالسا كۈلكىلەر؛
چۆللەر باغ بولۇپ گۈل كۈلسە نۇر ئېمىپ،
يوقالسا زېمىندىن قاۋان، تۈلكىلەر.

مەرىپەت نۇرى دىل قەسرىنى يۇيۇپ،
نادانلىق سەراپى پۈتسە ھېكمەتتىن؛
ئەۋلادلار ئالدىدا ۋىجدانغا لايىق
ۋالىداپ ئىز تۇرسا بۈيۈك خىزمەتتىن،

ئېھ، شۇنداق تىلەككە بولدى پەيۋەندە،
ئىجتىھات، ئىدرىكىڭ، كەڭ ئازاد پىكرىڭ.
ئېزىتقۇ، مىكىرگە باقماس ئەقىدەڭ.
شۇ ئۇلۇغ تىلەكتە قىيام بېرلغان چىڭ.

ئەشئارىڭ بولدىكى تارتىلغان نەرە،
يۈرىكىڭ ئەل بەختى تېپىشىدا چولپان.
يوقسۇللار كۆتۈرۈپ گىگانت قەددىنى
ئىدىنقۇت باغرىدا ئۇلغايتتى گۈلخان.

ئىستەكلەر بىتتىنىم، ئىستەكلەر گۈزەل،
تۇتاشتۇر مەزلۇملار مۇرادى ھامان.
مۇرادۇ ۋەسلىدىن نېمىمۇ ئەۋزەل
تالايغا بەرمىدى شۇ دەمنى زامان.

تۈن خۇمار شۇم قۇشتەك نۇرغا كۆشەندە
زۇلمەت ۋە زۇلۇمغا ئاشنا مەلئۇنلار.
تىلىشىپ ئىلتىپات مەشئۇم قىسمەتتىن
ئوقۇدى قان يىغلاپ رەزىل ئەپسۇنلار.

مەكەسىنىڭ ھۇجۇمى، قارغىشى بىرلە،
بورانىنىڭ گۈركىرىشى قالمايدۇ تىنىپ.
تۈن خۇمار زاغلارنىڭ تىللىشى بىرلە،
ئالمايدۇ قۇياشمۇ نۇرىنى يىغىپ.

ۋە لېكىن ساتقۇنلار، جاللاتلار رەزىل،
بىرەر ئىت جېنىنى نەگىلمىسە دىنار.
ئاشۇنداق ۋىجدانى ئەرزان ئىپلاسنى
يۇتىدۇ ئاقىۋەت قىلىچ، ھەيسە، دار.

ئۇيغۇرۇم، شەرمەندە خائىن، تۈزكىرلار
ئاھ، ساتتى سېنى ھەم ئەل - قېرىنداشنى،
ساتتى ئۇ يارماقچە بەدەلگە شۇندا
بىر بۈيۈك تالانتنى، دىلغا قۇياشنى.

مارت ئېيى ئون ئۈچكە، تۇتۇلدى ئاسمان
جاللاتلار ئىلكىدە شەھىدۇمەيدان.
تۇرسىمۇ ئۇندا ياۋ قىلىچنى تۇتۇپ
سۈرۈڭدىن كەتمەكتە يۈرىكىدىن جان.

كۆرۈشكەن ئۆلۈمنى دەھشەت، قورقۇنچ
بۇ ئۇقۇم نامەردكە شۇنچىلىك ئايان.
ۋە لېكىن ئۆمرىنىڭ چېكى شۇ ئۆلۈم
زەبەردەس ئايىغىنىڭ ئاستىدا پايخان.

غۇلاشتىن مۇقەددەم مۇناردەك قەددىڭ،
ياڭرىدى كۆلكەيۈ ناخشا ۋە كۈيۈڭ.
مەردلىكىڭ قېنىڭدا ياسىدى قىيان،
قېپقالدى يالداما بولغۇنچە سۆزۈڭ.

ياش تۆكتى ئاسماننىڭ پەرىسى بۇلۇت
ئۆمچىيىپ قۇياشمۇ سۆيدى قېنىڭنى.
جاھالەت دىللارغا سالدى جاراھەت
ياخشىغا كىم پۈتتى پەلەك قەتلىڭنى؟...

مەرد ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوغلى ئۇيغۇرۇم،
ئانا يەر قوينىغا ئالدى جىسمىڭنى.
ياشايسەن ئەبەدىي خەلق قاتارى،
ئەل يۈرەك قېتىغا ئالدى ئىسمىڭنى.

ئەقىدەڭ نۇرلىنىپ، ئارزۇيۇڭ كۈلدى،
شەنىڭگە دولقۇنلاپ ئاقتى ھۆرمەت - شان.
ئىدىقۇت ئابىدە سۆزلەر قىسسەڭنى
پىكى تاڭ قۇياشى گۇۋاھى نىشان...

1985 - يىل 3 - ئاي.

# تىلەكلىرىم تومۇرۇمدا مىڭ قۇياش

تىلەكلەردىن تۆرەلدىم مەن ئالەمگە،
تىلەك قۇياش بولۇپ كىردى كۆكسىمگە.
مەن ئايلاندىم چوققا سۈپەت ئادەمگە،
قۇدرەت تېپىپ، ئامەت يېغىپ ئۈستۈمگە.

تىلەكلەردىن تۆرەلدىم مەن ئالەمگە،
ئالەم ئۆزى — ئەلنىڭ ئىسسىق باغرى كەڭ.
پاك نىيەتتىن ئېرىشتىم مەن ياردەمگە،
ئەل كۈلگەندە كۈلدۈم مەنمۇ تەڭمۇتەڭ.

شۇ تىلەكلەر ھېكمىتىدىن قەددىمنى
ئېھ، يەتكۈزدى شۇ دەم ئەرشئەلاغا.
نۇرغا ئوخشاش سۈزۈك ئەيلەپ قەلبىمنى،
نەزەرىمنى قىلدى مىسال دالاغا.

ئاشۇ ئۇلۇغ خىسلەتكە باي تىلەكلەر،
ھۈجەيرەمدۇر ۋۇجۇدۇمنى بار قىلغان.
شۇ تىلەكنى تىلەپ تۇرغان يۈرەكلەر،
شۇملۇقلارنى چەيلەپ تامام خار قىلغان...

تىلىكىمدىن ئۆچمەس قىلىپ ئەبەدكە،
تامغا باسىم ئانا تۇپراق، تاغلارغا.
تولۇپ ئەلىنىڭ رىغبىتىدىن قۇۋۋەتكە،
تەرسىم بەخش ئەتتى چېچەك باغلارغا...

تىلەك تىلەپ ئانا يۇرتۇم قەدىردان،
ئەقىللەرنى قىلدى ماڭا مۇجەسسەم.
ئۇلۇغ غايە كۆز ئالدىمدا نامايان،
ھەر بىر ئىشىم شۇ غايىگە مۇقەددەم.

ھەر نەپىسىم ھەربىر تىلەك ئۇرغۇغان،
شان - زەپەر يار بولسۇن دېگەن خەلقىمگە.
ئولتۇرغاننى شۇ تىلەك تېز تۇرغۇزغان،
ھەم مىڭ پەرھات كۈچىن بەرگەن قەددىگە.

مۇنبەت تۇپراق، ئېتىزلارغا شاھ ئاتام -
پېشانىسى ئالتۇن نۇردىن رەڭ ئالسۇن.
ئۇ كەلتۈرگەن ئابىھايات ۋە تائام،
ھەربىر تەنگە قۇدرەت بولۇپ تارالسۇن.

ئەقىل، كۈچىنىڭ قايتماس مېھنەتكارلىرى،
بارچە ئىنسان قويار ساڭا ھەر دەم باش.
ئېگىلىدۇ سەلتەنەتىنىڭ تاغلىرى.
سالام! — دەيدۇ گىياھ، دەريا بىر تۇتاش.

سىلەر ئۈچۈن يارىتىلغان زور ئۈتۈۋ،
جەڭگاھلاردا قوچىقىنى ئاچار كەڭ.
ياپار قوياش ئۈستۈڭلارغا زەر يوپۇق،
سىلەر ئۈچۈن ئەلنىڭ قەلبى قەسىر، دەڭ...

تاڭدا كۆلگەن غۇنچە كەبى ئەۋلادلار،
ئاھ، سىلەرگە بەخشەندىدۇر بارلىقىم.
سىلەر ئۈچۈن بولاي تالماس قاناتلار،
بۈيۈك ئارزۇ ئۇلغاي، پۈتكىن تارلىقىم.

تىلەكلىرىم قوياش بولۇپ ئۆرلەيدۇ،
بەخش ئېتىپ ھەر ئىنسانغا قۇت - ۋىسال.
ئۆمرۈم مېنىڭ بىر كەڭلىكنى كۆزلەيدۇ،
ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلغان ئاشۇ ھال...

1985 - يىل 4 - ئاي.

## خىياللاردىن تۇغۇلىدۇ قىيانلار

خىياللاردىن تۇغۇلىدۇ قىيانلار،
ئاھ، شۇ قىيان دىللاردىكى ئارمانلار.
ئارمان بىلەن چەكسىز ھايات يولىدا،
پۈتۈلىدۇ ھەر بىر ئىزدىن داستانلار...

ئاھ، خىياللار سەن نېمانچە خىسلەتلىك،
سەنسىز كىممۇ ياشار بۇندا يېگانە؟

سەنسىز قىنى قۇشلار ئۇچۇپ باقسۇنچۇ؟
سەنسىز لەززەت سۈرمەس ھەتتا دىۋانە.

ئاھ، خىياللار مېنى باشلاپ كېتىسەن
ياشلىقىمنىڭ شوخ ئېتىغا مىندۈرۈپ.
مەن چاپىمەن ئاندا ئارتقا باقماستىن
ئۆگدىگەن تاغ بەللىرىنى سۇندۇرۇپ.

جاڭگاللىكى توشقان قوغلاپ يۈگۈرگەن
ئىزلىرىمنى كۆرۈپ سۆيۈپ كېتىمەن.
ئورما ئورغان تۇنجى كۈندە شادلىنىپ –
ئېتىزلارنى سۆيۈپ باغاش ئېتىمەن.

ساھىللارنى كەزگىنىمدە قۇمساڭغۇ
بارماقلىرىم سالار ئاڭا چېچەكنى.
توشقۇزىدۇ شۇنى كۈتكەن جانانلار –
كۆز پەنجىدە ئۈزۈپ خۇشال ئېتەكنى...

......

ئاھ، خىياللار سەن كەلتۈرۈپ ئالدىمغا
سىغدۇرىسەن كۆزلىرىمگە ئالەمنى.
ئەقلىم يەتمەس ھېكمىتىڭنىڭ كۈچىدە
تۇرغۇزىسەن رەتتە جىمى ئادەمنى.

خىيالىمدا شاھ – سۇلتاننى كۆرمەستىن
پەزىلىتى نۇر چاچقاننى كۆرۈرمەن.

خەلقىم ئۈچۈن بەخش ئېتىپ ئۆزىنى
دانكو بولۇپ يول ئاچقانىنى كۆرۈرمەن.

......

خىيالىممۇ تاڭغا ئوخشاش سۈزۈلۈپ
نۇرغا تولار ئىدراكىمنىڭ ئاسمىنى.
قەلبىم بولۇپ ئەزىم دەريا شۇ چاغدا
دولقۇنلايدۇ ھېس ـ تۇيغۇلار تاشقىنى.

خىسلىتىدىن لىللا خىيال، ساپ نىيەت
مەن شەكسىزلا ئارمىنىمغا يېتەرمەن.
ئىنسانلاردا شېرىن ئۈمىد پەيدا قىپ
ھەر قەلبكە خىيال بولۇپ كىرەرمەن...

1985 ـ يىل 7 ـ ئاي.

## نۇر چاقنىتاي...

قۇياش نۇرى چېچەكلەر تەكشى،
جانۇگىياھ ياشنايدۇ ئۇندىن.
گۈزەللىكى ئالەم ئۆمۈرنىڭ
شۈبھىسىزكى، تۇغۇلماس تۇندىن.

نۇر ئاشۇنداق مۆجىزە بەرھەق،
باھاسىنىڭ چېكى يوق ھەرگىز.

قۇدرىتىمدىن تاغلار قۇم بولار،
خىسلىتىمگە سۆز يەتمەس ھەرگىز.

نۇر ئىلكىدە ياشنىسا ئالەم
جىمى يۇرەك ياشنىسا نۇردىن.
تۇغۇلىدۇ نۇرلۇق ئىز،
غەزەل
نۇر سۇمۇرۇپ ئۆتكەن ئۆمۇردىن.

نۇرغا جەمدۇر سىخىيلىق مەڭگۈ،
ئۇ ئايىماس ئۆزىنى پەقەت.
شۇ خىسلەتنى يار قىلىپ مەنمۇ،
نۇر چاقنىتاي ئەل ئۈچۈن ئەبەد.

1985 - يىل 9 - ئاي

## ئەلچى ئەۋەتتى...

— بۇرۇن ئىدى قەدىمىك ۋەزمىن،
ئەمدى ئەجەب بولۇپسەن سايىاق؟
ئۆي - تالادا ئالدىراش دائىم،
يا ئايالىڭ سالامدۇ تاياق؟...

— چاقچاق قىلما، — دېگەنچە دوستۇم
كۆڭلىدىكى سۆزنى دەۋەتتى:

ئايىغىمنى قىلغاچقا ساياق
بەخت بىزگە ئەلچى ئەۋەتتى...

1985 - يىل 9 - ئاي.

# ساڭا

تۇتقۇچە مەنسەپ ساراي بولدى كىچىك كولبام ساڭا،
نە ساراي ئاستانىسى ئالتۇن كەبى ھەرەم ساڭا.

يايرىدىڭ ئىشرەتتە سەن بۇندا بولۇپ شاھى ئەزەم،
مەن تۇتۇپ كۆڭلۈمنى كەڭ بولغاچقا كۆپ ھەمدەم ساڭا.

ھەر قاچان كەلسە جاپا ئالدىم ئۇنى مەردلەرچە مەن،
سالمىدى دىشۋارچىلىق ھەتتا تىرىقچە غەم ساڭا.

ئۆتتى نەق ئون نەچچە يىل بىز دوستلىشىپ يۈرگەن قەدەر،
ھەممىتىمدىن ئاچتى كەڭ قوينىنى بۇ ئالەم ساڭا.

بىتۇيۇق ئامەت كېلىپ ئۆسكەندە تېزدىن مەرتىۋەڭ،
خۇش بولۇپ دېدىم: — بىسات تۈگۈل، جېنىم ياردەم ساڭا.

ئىككى ئاي ئۆتمەي كۆچۈپ باردىڭ قەۋەتلىك ئۆيگىمۇ،
بولدى جور شۇندىن بۇيان بىر ئۆزگىچە قەدەم ساڭا.

بىلمىدىم نېمە ئىشتۇر ئۆتمەيلا بىر يىل ئارىدىن،
مەنسىپىڭ قىپتۇ ئىنئام بىر غەيرىي قىلىق ـــ پەم ساڭا.

كىبىرىڭنىڭ تايچىقىغا مىنگەنچە يۈردۈڭ گىدىيىپ،
ھەيۋەتىڭدىن قوندى بىر يېڭىچە نام «تۆرەم» ساڭا.

خۇپپىيانە شۇڭغۇدىڭ ئۆزۈڭلا راھەت قوينىغا،
كەلدى شۇ ئەپلەش بىلەن ئىلكىڭگە كۆپلەپ «يەم» ساڭا.

ئەل نېمە؟ ئارزۇسى ھەم سەن بىلمىدىڭ ئەسلا ئۇنى،
ھەرنە ئىش قىلساڭمۇ ئەل بىلمىندى خاتىرجەم ساڭا.

قانچە رەت باردىم سېنىڭ ئالدىڭغا دوستلۇق ۋەجىدىن،
گاھى قالدىڭ تونۇماي بولغاچ تەكەببۇر جەم ساڭا.

مەن دېدىم كۆرمىڭ قېتىم «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما»
توغرا يول ـــ مىزان، دېسەم، بولدىغۇ دوق ـ ئەلەم ساڭا.

تاشلىدىڭ بەس مېنى، ئەل چىقتى ئېسىڭدىن، بىل ئېنىق ـ
بولغۇسى بارماي ئۇزۇلۇق شۇ مەنسىپىڭ شەبنەم ساڭا...

1985 ـ يىل 10 ـ ئاي.

## ئىبرەت

دېدىم تووۋا، تۇتۇپ ياقا كوچىدا بىر مەستىنى،
ئۆچۈپ ھوشى، يېتىپ قالغان خامۇش ئىلكىدە بىكەسنى.

بېشى بىر ياق، پۇتى بىر ياق گويا ئۇخشاپتۇ مېيىتكە،
مادارى يوق قىلماق نېرى مىڭلارچە قونغان مەكەسنى.

ئەجەب ئوبدان يىگىت ئىكەن چىنار قەدلىك كۆچى تولغان،
قانداقچە جور قىلغاندۇ كۆپ ئىچەرۋازلىق بۇ ھەۋەسنى.

دېدىم: — قىران پەيتىڭ شۇنداق ئۆتۈپ كەتسە قەدىر سىزلا،
نېمە دەر ئەل سىناق ـ ئۆتكەل ئالدىدا سەندەك ئىشى تەسنى؟

ياشلىق دېگەن پەسلى باھار، مىنۇت ۋاقتى ئالتۇنغا تەڭ،
شۇڭا يىراق قىلماق كېرەك ئاڭا زىتلىق، رەزىل نەسنى.

ئاچچىق ئىبرەت ئالسۇن ئاشۇ مەستتىن جىمى جام بەندىسى،
بېغىشلىماق ئەلا، مېھنەت ئارا ئەلگە ھەر نەپەسنى...

1985 - يىل 10 - ئاي.

# ياشلىق

ياشلىق گويا ئۆركەشلىك دەريا،
ئۇ ئاقىدۇ شوخلىنىپ تىنماي.
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكلا
بىسىپ ئۆتىدۇ يولنى بىر تالاي.

ياشلىق گويا مەزمۇت قارىغاي،
جۇدۇن - چاپقۇن ئۇنى ئېگەلمەس.
مەيلى تومۇز، مەيلى قەھرىتان
ئۇنى مەڭگۈ بوزەك ئېتەلمەس.

ياشلىق گويا غۇبارسىز ئالتۇن
قىممىتى ھەم ۋەزنى بىباھا.
ئۇنىڭ نۇرى چاقنايدۇ دائىم
ھەر كۆڭۈلنى ئەيلەپ مەھلىيا.

ياشلىق ئىنسان ئۆمرىنىڭ شۇنداق،
ھېچ نەرسىگە تەڭ بولماس چېغى.
شۇڭا قىلار ھەركىمنى مەپتۇن،
تەڭدىشى يوق گۈزەل - ئۇزلۇقى.

ياشلىق دېگەن ئەقىل، كۈچكە باي.
خەلقىم كۈتەر چوڭ ئۈمىد ئاندىن.

ئاقلىسا كىم ئاشۇ ئۈممىدنى
ياشار ئۇزاق، زەپەر ۋە شاندىن...

1985 - يىل 11 - ئاي.

## مېنى ئىزلىسەڭ كەڭلىكتىن ئىزلە...

قارايمەن تەپەككۇر كۆزۈمدە تىنماي،
قارايمەن زوقلىنىش ھېسسىدە قانماي.
يېڭىچە سەزگۈرۈم ئوقچۇر قېنىمدا
قارىسام - قارىسام كەڭلىككە ھارماي.

× ×

قارايمەن ئۇپۇققا، شۇنچە بىغۇبار،
پايانسي نەدىدۇر، يەتمەيدۇ نەزەر.
قۇچاقلاپ تۇرىدۇ زېمىننى مەھكەم
مەشرىقتىن ئۈزۈلمەي مەغرىبكە قەدەر.

نەقەدەر كەڭ ئاسمان، ھەيرانمەن ساڭا،
يەتمەيدۇ چېكىڭگە كۆز ھەمدە خىيال.
قوينۇڭغا جىمىكى مەۋجۇداتنى سەن
سىغدۇرۇپ بارىسەن ئەبەد بىمالال.

دەريالار ئاقىدۇ كېچەيۇكۈندۈز،
بۇ ئېقىش ئەزەلدىن بولغان ئاڭا يار.
بولغاچقا زېمىننىڭ قۇچىقى كەڭرى
تۈمەن يىل ئاقسىمۇ كەلمەس زېمىن تار...

......

ئاشۇنداق خىسلەتلىك كەڭلىكلەر بىلەن
لەۋ ياقار ئۇيغىنىپ خالىس تۇيغۇلار.
تۇيغۇلار تەۋەللۇت ئەيلەيدۇ تىنىماي
يۈرىكىم قېتىدا بۈيۈك ئارزۇلار.

كەڭلىككە خاس ھەردەم ئالماس ئەقىدەم،
سەھەردە ئۆرلىگەن قۇياشتەك تېزلە.
نۇر بولۇپ كەڭلىككە سىڭەي دوستلىرىم —
گەر مېنى ئىزلىسەڭ كەڭلىكتىن ئىزلە...

1986 - يىل 1 - ئاي.

## پاكلىق قەسىدىسى

ۋۇجۇدۇمدۇر لاۋۇلدىغان بىر يالقۇن،
ئۇ ھەقىقەت ۋە سۆيگۈدىن تۇغۇلغان.
ۋىجدان ئۇرار تومۇرۇمدا لەڭ - دولقۇن،
ئەجدادىمدىن ئۇدۇم ماڭا ئۇ، قالغان.

پاكلىق بولۇپ كەلگەن ھامان يار بىزگە،
پاكلىق ئۆزى بۇ ئالەمنى ئاقارتقان.
پاكلىق بىلەن مەنە بېرىپ ھەر كۆنگە
پاكلىق بىلەن گۈل ھاياتنى ياشناتقان.

ئىلكىمىزدە پاكلىق بولغاچ تۇغ ـ ئەلەم
قارىغۇ قىسمەت لەشكىرىنى قىلدۇق مات.
جۇدۇنلاردا بېسىپ مەغرۇر، شاد قەدەم
قەددىمىزگە ئالدۇق تاغدەك تىك سۇبات.

پاكلىق بولغاچ قويۇن ئاچتى ھەممە جاي،
بولدى بىزگە كەڭرى ئالەم راھەت باغ.
پاكلىق ئىززەت ئاسمىنىدا قىلدى ئاي،
چۇشۇرمىدۇق ئۆمرىمىزگە قىلچە داغ.

پاكلىق بولدى بىزگە پۈتمەس بىر ناخشا،
كۆيىمىزگە بولدى تەڭكەش دەريالار.
ئاپىرىن، دەپ سالدى ساما ئورمانلار،
ئالقىشلىدى باغدا بۇلبۇلگويالار.

پاكلىق بىلەن بولار ئۇلۇغ ھەر ئىنسان،
پاكلىق بىلەن ئەي دوستلىرىم ۋىسال تاپ،
بۇلغىيالماس ئۇنى شەيتان، زوراۋان،
پاكلىق ئۆزى دىللاردىكى نۇر ـ ئاپتاپ.

گەر قولۇمدىن كەلگەن بولسا بىر ھېكمەت،
قۇرۇپ چىقسام قايتا گۈزەل ئالەمنى.
پاكلىق بىلەن چاقناپ تۇرسا پەزىلەت،
تەگرى قىلسام جىمىكى پاك ئادەمنى...
......

1986 - يىل 3 - ئاي.

## رۇبائىيلار

بولسامكى سائادەت تەگرىسى ئەگەر،
ئالەمنى ئەيلىسەم بېھىشتەك بىر يەر.
چىقارمۇ ئۇنىڭدىن تېزىپ بىرەرى،
دەشتنى خوپ كۆرگۈچى ئىچ-باغرى زەھەر!؟...

× ×

كىچىمەن ھەرقاچان ئەخمەق، نادانىدىن،
پەيلى ھەم پەي مىجەز نازلىق جانانىدىن.
ھاياتنىڭ مۇشەققەت ئۆتكەللىرىدە،
قەدىناس بولالماس ئۇلار ۋىجدانىدىن.

× ×

بىلىم — دېگىنىز، بىلگىنىم ئاندىن بىر قەترە،
بىلىم ئۇچۇن سانىلار يىل چارەك-مەررە.

ھېرىپ قالسا داۋاندا ئىجتىھاتىم گەر
ئىشتىياقىم سالىدۇ ئاڭا مىڭ دەررە.

× ×

پاك ئاتا ـ ئاناڭنى ئۇلۇغلا ئەبەد،
شەكسىزكى بۇ دانا ھۆكۈم ۋە ھېكمەت.
ئالتۇندىن سالساڭمۇ ساراي، ئۇنىڭسىز
قىممىتى بولماس، ئەل قىلمايدۇ ھۆرمەت.

× ×

ھەيسگە چۈشسەم مەن قاقاقلاپ كۈلدۈڭ،
دېۋەيلەپ، قامچىلاپ كۆزۈمدە تۇردۇڭ.
ئاقسا سۇ سەن ئۈچۈن تەتۈر، ئەجەبا
كۈلكىنى يىغىغا تېگىشىپ قويدۇڭ...

× ×

دەر: — بېھىش ئۆزگىچە تېڭى يوق جاھان،
ھۆر، نېمەت قوينىدا چېچەكلەيدۇ جان.
دەيمەنكى: — ھاجەتتىن چىقارغان ھەر دەم
مىڭ ئەۋزەل ياندىكى سەبگۈللۈك غەمخان...

× ×

دان تاپسا قوۋەسنى قۇشقاچ چاقىرار،
ئىت سۆڭەك ئالدىدا ئۆزگە خىرقىرار.
كەڭلىك ۋە تارلىقتىن جاھان نە بولدى؟
ئاگا ھەق ھۆكۈمنى تارىخ چىقىرار.

× ×

سۇ ئاقار ئۆز يولى — ئېرىقتا راۋان،
قۇياشنى ياپالماس ھەرگىزمۇ ئالقان.
ئىنتىلەر ئەل بەخت - خۇشلۇققا ھامان،
توسالماس ئۇنى ھېچ ئېزىتقۇ، يالغان...

× ×

سەبىيلەر قەلبىدەك، قەلبىم بىغۇبار،
گۈزەللىك، شادلىققا زەپمۇ ئىنتىزار.
ئۆمرۈم شۇ گۈزەللىك يولىدا ئۆپراپ،
گۈزەللىك ۋەسلىدە تۈگەيدۇ زىنھار.

× ×

ئىلگىرى ئەقلىمنى ئوغرىلاپ شەيتان،
دەيدەيگە سىلىپتۇ بولۇپ قوماندان.

ھە، ئەمدى سەسكىنىپ ئەقلىمگە كەلسەم،
ياشلىقىم، قۇۋۋىتىم سەن كەتتىڭ قايان؟...

× ×

مېھنەتنىڭ جاپاسى — ھالاۋەت - ھۇزۇر،
مېھنەتتىن كېلىدۇ شاھانە غۇرۇر.
مېھنەتتە مۇكچەيگەن قەدنى كۆرىمەن،
مېھنەتسىز تىك قەدتىن مىڭ ھەسسە تىك.زور...

× ×

ئاقىل ئاز سۆزلەيدۇ، يۈرەككە ياقار،
نادان كۆپ سۆزلەيدۇ، شامالغا ئۇچار.
كى يېرىم قاپاق سۇ شالاقلايدۇ كۆپ،
بۇ ھېكمەت ئەقلىغە ئىشارەت بولار.

× ×

ئېلىپ نۇردىن ھارارەتنى مۇنبەت يەر،
قۇچىقىدا داندىن مايسا ئۈندۈرەر.
دەۋرىم — ئېتىز، ئۆمرۈم بولۇپ ئالتۇن دان -
ھوسۇل بېرىپ ئەل - ۋەتەننى كۈلدۈرەر...

× ×

بېشىمدىن ئۆتتى كۆپ تالايلاپ قىسمەت،
تاپقىنىم بولدى بىر مۇنۇ ھەقىقەت:

ئۇنتۇلۇر جاراھەت ئاغرىقى، بىراق ـ
ئۇنتۇلماس ياخشىلىق،
بىھۇدە كەلگەن دەرد.

× ×

بىر چاغلار بولمىدى كۆرۈم ياخشىغا.
كەلمىدى ھەق جازا رەزىل بېشىغا.
ئۆگىشالغان چېغىدا ئەمدى شۇنداق چەرخ،
چىللايمىز قايتىدىن ئۇنى نېمىشقا؟

× ×

بىر كىم بار ھومايسا زەھەر كۆرسەن،
ھىجايسا، كۈلكىدىن خەنجەر كۆرسەن.
يولۋاسنىڭ ئالدىدا باش ئەگكەن گويا
تۈلكىدىن زىيادە كەمتەر كۆرسەن.

× ×

سەن تىرىپ پىتنەيۇنىزا ئەل ئارا،
كۆرسەن ئاسايىش ـــ دەپ خىيال قىلما.
قىلمىشىڭ بولسۇن خاھ ئاشكارا، پىنھان
شۇ ئىشىڭ نەق بولار بويىنۇڭغا سالما...

× ×

بىلىم ھامان بەخش ئېتەر ئەقىل، ئىجتىھات،
ئۇندىن تامام ھەل بولغۇسى تىلسىم، مۇشكۇلات.
ئاچار چېچەك بۈيۈك ئارزۇ دىلىمدا، ئەلگە ـ
سۇنالىسام بىلىمىمدىن ـــ تەرىمدىن سوۋغات.

× ×

بەزىلەر يالغاننى تەنقىدلەپ قەۋەت،
دېيىشەر: ـــ راستچىللىق بايرىقىم ئەبەد.
ۋە لېكىن ئاشۇنداق دېگىنى بىلەن
چۈشمەيدۇ ئاغزىدىن يالغان ھەر سائەت.

× ×

ۋاپالىقنى ئۆمرۈمگە مەن تۇغ ـ ئەلەم قىلاي،
ۋاپاسىزنىڭ يۈرىكىنى نەپرەتتىن تىلاي.
بۇ ئىككىسى چىقىپ قالسا ئېسىمدىن ئەگەر،
ئەل ئالدىدا ئىككى ئالەم شەرمەندە بولاي.

× ×

ۋەتەننىڭ باھارى ـــ مېنىڭ باھارىم،
ھەر تېگى مەزمۇنلۇق، قۇتلۇق ناھارىم.

ھەربىر تاڭ سۆيگۈنىڭ ۋىسال ئەلچىسى،
ئاشۇ تاڭ، باھارغا بەخشەندە بارىم.

× ×

تەمەيىم يوق ھوقۇق ـ مەنسەپتىن،
قۇرۇق سۆلەت، ئاتاق، شۆھرەتتىن.
ئارمانىم شۇ ـــ ھالال تەرىمدىن ـ
ئەلدە ئۆسسە قەددىم ھۆرمەتتىن.

× ×

ھىجىبىپ، باش ئېگىپ ياۋنىڭ كۆلگىنى،
ئىچىدە مىڭ ھىيلە ـ تۇزاق قۇرغىنى.
سەن ئاشۇ كۆلكىدىن سەللا مەست بولساڭ،
خەنجىرىن ئۇرماققا تەييار تۇرغىنى.

× ×

ئۆمرىدە ئىغۋانى قىلغانلار كەسىپ،
يۈرمەس تىنچ كۈنۈتۈن تىلىنى بېسىپ.
ۋاقتىنچە تاپسىمۇ ئۇلار بازارنى،
ۋە لېكىن ئەل ئارا كېتىدۇ سېسىپ.

× ×

دىل بىلەن تىلىڭنى قىلغىن بىر ئوخشاش،
ئىنساپ ۋە پاكلىقنى ئەيلىگىن يولداش.

سەمىمىي ئىشلىسەڭ ئەلنى دەپ ھامان،
ئەل بولار ئەبەدىي ساڭا دوست ـ قاياش.

× ×

ئەمەسمەن بىر شەيىخ كولباغا بەندە،
بۇركۈتمەن تاغ، دالا، كۆككە ئەخشەندە.
چۈشەندىم ھاياتنىڭ شاراپىتىنى،
ئۇ ئىكەن ئىزدىنىش، چېلىش ۋە خەندە...

× ×

مۇقاملار ياڭرىسا سۇ بولار تىنىم،
مۇقامدىن ئۇلغىيار تېنىمدە جېنىم.
مۇقاملار غۇرۇرۇم، پەخرىم، شەۋكىتىم،
مۇقامسىز تەم بولماس مەن يېگەن نېنىم.

× ×

ئېيتىلغان كۆپۈكتەك تالاي قۇرۇق گەپ،
بەرمىگەن ئەزەلدىن تېرىقچىلىق نەپ.
يۈزلەنسە جىمى ئىش ساپاغا ـ كۆپكە
سۆزلەيمىز ھازىرمۇ ئۇنى نېمىدەپ؟

1982 - 1986 - يىللار.

# ئۇچقۇچى قىز

ئۇچىسەن ئاسماننىڭ قەھرىدە ئوقتەك،
يارىسەن بۇلۇتنى. ئاستىڭدا شۇڭقار.
قۇدرەت ۋە شۆھرىتىڭ ئۈچۈن تەشەككۇر
ياغدۇرار تاغ - دەريا، بۇ ئالتۇن دىيار.

× ×

سەن باغلاپ ۋەتەنگە مۇھەببەت باشتىن،
بىتىلدىڭ ئىلىم - پەن بىغىدا ئۆسۈپ.
ئەجتىهات، غەيرىتىڭ ئۇلغىيىپ ھامان،
چامدىدىڭ مۇشەققەت، توسقۇننى بۆسۈپ.

قەلبىڭگە تولدى كۆپ ئىلىم شىرنىسى،
يىغقاچقا سەن ھەسەل ھەرىسى بولۇپ.
«چوڭ بولۇپ ئەلگە نەپ تەگكۈزسەم» — دىگەن -
ئىستىكىڭ قەلبىڭدە ئۆستى بىخ سۈرۈپ.

ئاقىۋەت ئارزۇيۇڭ چېچەكلەر ئاچتى،
كەلگەندە پەسىللەر گۈزىلى — باھار.
ئۇزاتتى ئەل - يۇرتۇڭ ياڭرىتىپ سۇناي،
ئاتقاندا مۇبارەك قۇتلۇق تاڭ — ناھار.

كۆكسىڭدە قىزىلگۈل چاچتى خۇش پۇراق،
خۇشلۇقتىن شۇ تاپتا چېھرىڭ تولۇن ئاي.
جۇشقۇنلۇق بىر ھايات ئېلىپ قوينىڭغا،
بەخش ئەتتى قەلبىڭگە ئۈمىدنى تالاي...

× ×

نۇر چاچتى بېشىڭدا قىيقىزىل يۇلتۇز،
كىردىڭ بۇ جەڭگىۋار سەپكە - قوشۇنغا.
بىر يۈكسەك ئىنتىلىش — غايە ئىشقىدا،
ئايلاندى تومۇردا قېنىڭ دولقۇنغا.

ئايلاندىڭ قۇچاقلاپ تۆمۈر شوتىنى①
ئالماشتى نەچچە مىڭ قېتىم يەر - ئاسمان.
قەي قىلدىڭ دەسلەپتە (ئۇچمىغاچ ئۇندا)
بىر مۈشكۈل قىسمەتتەك تۇيۇلۇپ شۇئان.

ئاقىۋەت كۆندى ئۇ رايىڭغا ئاستا،
بولدى بىر ئويۇنچۇق ھەردەمدە ساڭا.
مىسالى چاقپەلەك بولدۇڭ ئايلانغان
ئەيلىدى قولاقتا سابا خۇش ناۋا...

---

① ئۇچقۇچىلىقتا كىرگەنلەر دەسلەپتە مەشق قىلىدىغان سايمان.

كەتمەدىلىك سەن مەشىق مەيدانىدىن ھېچ،
باشقىلار ئالسىمۇ ياتاقتا ئارام.
بىباھا تۇپراققا سىڭدى ئالتۇندەك ـ
تەرلىرىڭ تامچىلاپ تارام ۋە تارام.

خۇشلىنىپ بەزىدە قۇياشمۇ پېتىپ،
يۇلتۇزلار ساڭا كۆز قىسىپ باقىدۇ.
قىزىنغان چېغىڭدا جەڭگاھتا بەزى،
تەبرىكلەپ مۇبارەك تاڭمۇ ئاتىدۇ.

شۇ يوسۇن ئالدىڭدىن ئۆتتى كەلسە قىش ـ
دەھشىتى شىۋىرغان، قەھرىتان سوغىنىڭ.
بەرىبىر ھەممىسى قاچتى، تەپتىڭدىن ـ
باغرىڭدا يانغان بىر يالقۇنجاق چوغىنىڭ.

قامىتىڭ كۈنسېرى چىڭىپ پولاتتەك،
باتۇرلۇق سېزىلىدى ھەربىر ئىشىڭدا.
ئەل ـ ۋەتەن ئۈمىدىن بارغاچقا ئاقلاپ،
ئايلىنىپ يۈردى بىر ئامەت قېشىڭدا...

تۈنجى رەت چىققاندا كۈمۈش شۇڭقارغا،
ھاياجان ئەلكىدە ئوت بولدى تېنىڭ.
ۋە لېكىن ئاستىلاپ ئالماشتى، ئاشۇ ـ
تۇيغۇلار خۇشلۇققا، يايرىدى جېنىڭ.

شۇ تاپتا ئارزۇيۇڭ ۋەسلىگە يەتتى،
ئاھ، ئۇنىڭ شەنىگە تەسەۋۋۇر يەتمەس.
چىداركەن يۈرەكمۇ تېگى يوق بەخت —
ئىلكىدە تويماستىن ئالغاندا نەپەس.

جان كىرىپ شۇڭقارىڭ ئۇچتى ئېگىزگە،
بولۇتلار كۆكسىنى تىغدەك يارىسەن.
كۆزۈڭگە مۇجەسسەم قۇۋۋەت بىلەن نۇر،
ھەممە ياق — ئەتراپنى كۆرۈپ بارىسەن.

كۆرۈنەر پەستە تاغ، دەريا ۋە كۆللەر،
كۆرۈنەر ياپيېشىل باغۇبوستانلار.
يۈرىدۇ بەئەينى گۈزەل سۈرەتتەك،
يايلاقتا بولۇتتەك توپ — توپ پادىلار.

تۇيۇلار قۇلىقىڭ تۈۋىدە شۇدەم،
شوخ، قىزغىن جاراڭلىق مېھنەت ساداسى.
ۋە يەنە ئۇرۇلار دىماغلىرىڭغا،
سەن بەرپا ئەيلىگەن باغنىڭ ھاۋاسى.

ئويلايسەن: نېمانچە گۈزەل ۋە ئەزىز،
بۇ ئانا تۇپراقنىڭ جەننەت سىماسى.
ئاھ، سىڭىپ كەتسەم شۇ گۈزەللىككە مەن،
چاقنىسام ئاندا بوپ نۇرنىڭ جىلاسى.

......

ئۈچىسەن ھەر تاغدا پولات قۇش مىنىپ،
لەرزىگە سالىسەن بىپايان كۆكنى.
مۇقەددەس ۋەزىپەڭ ياۋدىن تىنچ ساقلاش،
تاغۇساي، قارىغايلىق چاتقال ۋە سۆكنى.

ئۈچىسەن گوياكى ئاقار يۇلتۇزدەك،
كۆرسىتىپ خىلمۇخىل يىگى ماھارەت.
كۆرگەنلەر ئېيتىشار، ھەيران بولۇشۇپ:
— بۇ قانداق جاسارەت، نىمە كارامەت؟...

ئۈچىسەن چۆمۈلۈپ قۇياش نۇرىغا،
غەيرىتىڭ ئالدىدا ھېرىش دىگەن يات.
ئۇچقانچە تاۋلاندى قامىتىڭ ھەر كۈن،
چىققاندەك يالقۇندىن چىداملىق پولات.

باتۇرلۇق كۆرسەتكەچ نەچچە رەت ئوردىن
قادالدى مەيدەڭگە، چاچتى ئالتۇن نۇر.
شان - شەرەپ، ئالقىشلار ساڭا بەخش ئەتتى،
تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت، شاھانە غۇرۇر.

مەست بولۇپ ھەۋەستە، خۇشلۇقتا سەندىن،
قانچىلەر كۆزنى ئۈزەلمەي قالدى.
ئاتالغان ئەل - ۋەتەن يولىدا، ياشلىق -
ئۆمرۈڭدىن ئۇنتۇلماس داستان يارالدى.

سەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر قىزىسەن،
ئەل ئىشقى يۈرىكىڭ قېتىدا ۋولقان.
قوغدىغاچ سەن چېگرا بويىنى، مېھنەت -
قوينىدا، راھەتتە ياشار ئەل ئامان...

× ×

ئۈچىسەن ئاسماننىڭ قەھرىدە ئوقتەك،
يارىسەن بۇلۇتنى، ئاستىڭدا شۇڭقار.
قۇدرەت ۋە شۆھرىتىڭ ئۈچۈن تەشەككۇر -
ياغدۇرار تاغ - دەريا، بۇ ئالتۇن دىيار...

1986 - يىل 4 - ئاي.

## نېـسـۋە

(ساتىرا)

نەدىمۇ بولغاندۇ بۇنداق ئىش دېمەڭ،
گەپ ساتتى دەپ ماڭا قارغىش ئەيلىمەڭ.
بولغۇسى ئادەملا باركى ھەرنە ئىش،
ئايلىنىپ تۇرغاچقا پەلەك يازۇقمىش.
ئەل سۆيەر خىسلەتنى دوست تۇتقانمۇ بار،
ئەل ئۈچۈن جاننى ئاتاپ قويغانمۇ بار.

بەزىلەر ئىزدەيدۇ تىرناق كىرىنى،
كۈنۈتۈن ئەلگە سېلىپ كۆز قىرىنى.
ئاۋۇت نەس دېگەن كىشى شۇنداق ئىدى،
بىچارىنىڭ قورسىقى دوزاخ ئىدى.
ئىلاھىم ئاسان قىلغىل مۈشكۈلىنى،
يىغىشتۇر ئاندىن قالغان دەسمايىنى.
ئەمدىلا كۆچكەندە تۈنگە ھەرىكىتى،
خوپ ئاراملىق بەردى تەقدىر ـ قىسمىتى...
ئۇ تېتىك يۈرگەندە يەرنىڭ ئۈستىدە،
كېچە ـ كۈندۈز يۈردى بىر ئىش قەستىدە.
قىلدى ئۇ ھەر جايدا بۇ ئىشنى كەسىپ،
تاپمىدى قىلچە ئاراملىق يول بېسىپ.
بولسىمۇ ئۆيدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىش،
قىلغىنى ئەل ئارا ئۆسەك تارقىتىش.
تۇرسىلا بىر ـ ئىككى كىشى سۆزلىشىپ،
باردى تىك قۇلاقنى تۇتۇپ شۈمشىيىپ،
قىسىلىپ گەپكە ئۇ گەپتىن ـ گەپ تېشىپ،
«بىر تالاي» دەسمىگە قايتار ئېرىشىپ.
كۆپتۈرۈپ دەر ھامان باشقا جايدا ئۇ،
شۇ «خىزمەت» تىن كۆردى مەلۇم «پايدا» ئۇ.
بەزىلەر بۇ خىزمەتتىن ئالغاچقا «نەپ»،
«رەقىبى» نى تۇتۇپ «ئوق» قا ئاتتى گەپ.
بەزىنىڭ كۆڭلىگە سالدى تەشۋىشنى،
گۈللىگەن تىنچ ھايات بېغىغا قىشنى.
بەزىسى ئېتىشتى پەشۋايۇمۇشتىنى،

چىقىرىپ جەڭ ـ غوۋغا ياردى ساق باشنى.
چىقمىدى نەچچىلەپ مورىدىن تۈتۈن،
ياماڭلاپ كەتكەچكە ئېرىدىن خوتۇن.
......
يۈز بەردى بۇلاردىن ئىشلار باشقىمۇ،
قويغۇدەك ساقلاپلا ئۆيۈپ تاشقىمۇ.
بۇ سىرنىڭ تېگىنى ئىزدەپ نەچچە رەت،
قىلىشتى چاللار كەڭ كېڭەش ئاقىۋەت.
ئاستىلاپ بولدى پاش ئىشنىڭ يىلتىزى،
چىققاچقا مەيدانغا ئاۋۇتنىڭ سۆزى.
ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن دېيىشىپ،
قىلدى تاغ ئاۋۇتقا گۇناھ ئارتىشىپ.
ئەيلىدى شۇ چاغدىن باشلاپ خوپ ھەزەر،
ھەر كىشى كۆرسىلا قاچىدۇ بەدەر.
......
بۇ ئىشمۇ بولماي بىر ئۇسۇل تاپتى ئۇ،
تۈندە ھەر ئىشىككە قۇلاق ياقتى ئۇ.
بەزىدە سۆز ئاڭلاپ قالسا ئاز ـ تولا،
كۈندۈزى قوشۇپ دەر تىنىماي تالادا.
خېرىدار قاچىسمۇ ئاڭا پەرۋا يوق،
ئەگىشىپ دەيدۇ ئۇ سۆزنى تولۇق.
ياتمايدۇ ئۇ بوشاتماستىن ئىچىنى،
ھەتتاكى ئۆيىگىدە ئالار كېچىنى.
تۈگىتەلمەي قالسا بەزى سۆزنى،
ئاچچىقىدىن كاچاتلار ئۇ ئۆزىنى.
......

بەرسىمۇ ئاڭا ئەل تەنبىھ ـ نەسىھەت،
ئۆزىنىڭ سۆزىنى دەپلا قىلدى رەت.
شۇڭا يۇرت ئۇنىڭدىن بىزار ئەجەبمۇ،
چىقاردى بەزىلەر ئۆيىدىن ھەيدەپمۇ.

......

كەلمىدى ئاخىرى ئۇسۇلى كارغا،
تۇنجۇقتى غەيۋىتى چىقماي بازارغا.
ئەمدى نە قىلغۇلۇق دېدى، ئويلىدى،
ئۆزىچە ئاۋۇتۇم خېلى جۆيلىدى.
ئاخىرى تاپتى بىر يېڭىچە ئۇسۇل،
بولدى خۇش بىر نەپەس تىنچسىز كۆڭۈل.
تۈندە ئۇ تۇتۇپ جاي تامىنىڭ تۈۋىنى،
تىڭشىماقچى بولدى يولچى ئۈنىنى.
— ئەمدىغۇ قىلمايدۇ ھېچكىم كاشىلا، —
دېدى ئۇ، — ئەسلى كۆپ ئەقلىم زادىلا.
كۆرەي مەن قانچىغىنىڭ كارامىتىنى،
چاۋاكنى يايسەن تۈلدۈرۈپ چىتىنى...
جۇت ـ سوغۇق ئەدىگەن بىر كۈنى كەچتە،
چىقتى ئۇ شىبىرلاپ مەلىدىن چەتكە.
تىپتىنچ ئۇيقۇغا چۆشكەنتى يېزا،
ئولتۇردى ئۇ مىدىر قىلماي بىر ھازا.
ئۆتمىدى يوللاردىن بىرەرمۇ ئىنسان،
نە ئىنسان، ھەتتاكى چاشقانچە ھايۋان.
ئۆيىگە قايتماقنى ئويلىدى، بىراق،

ئىچىنى ئۆرتەيتتى بىر «ئارزۇ - پىراق»
نە ئۈچۈن قايتسۇن ئۇ تىۋىشسىز بۇندىن؟
تىلىدى كۆڭلىدە «خېرىدار» تۈندىن.
ئۆزىگە بېرىپ هاي يەنە شۈمشەيدى،
سوغۇقمۇ بارغانچە ئاشتى - كۈچەيدى.
ئاۋۇت بوش كەلمىدى كەتسىمۇ تىرگۈپ،
ئىرادە - ئەقلىگە هەيران - مەست بولۇپ.
شۇ سۈپەت ئۆتتى تۈن نىسپىدىن خېلى،
ئۇيقۇمۇ يېپىشتى هېلىدىن - هېلى.
«بوپتۇلا، — دېدى ئۇ، — ئازراق ئۇخلايچۇ،
گەر كەلسە بىر تىۋىش قوپۇپ ئاڭلايچۇ.»
شۇ خىيال بىلەن ئۇ ئۇيقۇغا كەتتى،
سوغۇقنىڭ دەهشىتى جاندىنمۇ ئۆتتى.
......
بىر چاغدا تاڭ ئېتىپ ئەل - يۇرت ئويغىنىپ،
يېنىچە قىڭغايغان ئاۋۇتنى كۆرۈپ.
— نېمە ئىش؟ — دەپ هەيران بولۇشتى هەممە،
پاتىپاراق ئىلكىگە چۈمدى مەهەللە.
ئاۋۇتنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن،
تىنىدىن هارارەت ماغدۇرمۇ پۈتكەن.
هەش - پەش دېپ بولغۇچە جامائەت ئۇنى،
ئەكىرىپ ياتقۇزدى راسلاپ بىر ئۆينى.
مويسىپىت - قېرىلار تۇرۇپ يېگىنى،
باشلىدى قۇتقۇزۇش ئىشى - جېڭىنى.

ئاڭلاپ بۇ خەۋەرنى دوختۇرمۇ كېلىپ،
بەردى خوپ شىپالىق مەلھەمنى ئېلىپ...
......

× ×

ساقايدى ئاۋۇتۇم ئۇزۇندىن كېيىن،
توختىدى قايتا كۆن كۆرمەكى قىيىن.
شۇ ئىشتىن پۈت ـ قولى خېلىلا ئۆششۈپ،
بەئەينى ئالتەكتەك بوپ قالدى چۈشۈپ.
شۇ بولدى نېسىۋە ئىشىغا لايىق،
كۆرسۈن بۇ ئىبرەتنى جىمى خالايىق.
ئەل ئارا چاچسا كىم پىتنە ـ پاساتنى،
تۇتار ئەل قارغىشى ئۇنداق كاساتنى.

1985 ـ يىل 11 ـ ئاي.

## ھەر دانىدە بىر قۇياش تەپتى...

كېسەلنىڭ ئازابى — دوزاخ ئازابى،
شورايدۇ بېجىرىم ۋۇجۇدتىن جاننى.
يۈرەكتىن يوقىلىپ ھاياتلىق تابى،
قاراڭغۇ ئەيلەيدۇ يورۇق ئاسماننى.

نۇر تەپتى تۆگمەس شىپائى مەلھەم
تۆلەنمەس ئۇنىڭغا قىلچىلىك بەدەل.

بۇ ئانا ھۇر دىيار خىسلەتلىك ئالەم
تەبىئەت تولدۇرغان ھىممەتلەرنى تەل.

× ×

پالاكەت چىقار قۇم سىنىگدىن يوققا،
شىپالىق سەندىكى تۈگمەس ھىكمەت.
ياپراقتەك ئاجىز تەن بولىدۇ چوققا،
سىزىدۇ ئۆزىنى ھاتەم، بەقۇۋۋەت.

بىر قۇياش تەپتى بار ھەربىر دانەڭدە،
ۋە ياكى ئاسماندىن قونغان ئۇ كېلىپ.
لوقمان بار ھەر ئىنسان ياتقان خاناڭدا،
كەل — دىبان قۇچىغىن تۇرغان كەڭ ئېچىپ.

ۋاژىلداپ تۇرسىمۇ قۇياش يالقۇنجاپ،
تۇيۇلار خوش يېقىم، بىر ئىللىق سېزىم.
سەن جىمى راھەتنىڭ بۆشۈكى شۇ تاپ،
ئەيلەيدۇ قىيام ھەر تەننى پىژقىرىم.

× ×

ئاھ، قۇياش، خىسلىتىڭ تەرىپكە سىغماس،
سەن جىمى ھاياتقا ئانىسەن ئۇلۇغ.
بۈيۈكلۈك بولسىمۇ سىنىڭچە بولماس،
تولدۇرغان ئالەمنى سۆيگۈگە تولۇق.

مۇھەببەت سىنىگىسىز بولمىغان ئۆتلۈق،
سىنىگىسىز بولمىغان يۈرەكلەر قوشماق.
ئۆتكەنمۇ ھەربىر دەم ۋىسالسىز قۇتلۇق،
بولمىغان گۈللەرگە بۇلبۇللار مۇشتاق.

تۇيغۇلار، ئىستەكلەر ھەربىر تومۇردا،
ئاققانغۇ توختىماي
«دەريادەك ئۇيغاق»①.
يۇيۇلۇپ، پاكلىنىپ خالىس ئاق نۇردا،
ھەر دىلدىن چىقماسقا جاي ئالغان شۇندا.

سەن چاقناپ قەلبلەر ئاسمىنىدا ھەم،
ھەيدەيسەن زۇلمەتنى تامام لەھەتكە.
تىكلەيسەن خالىسلىق بابىدا ئەلەم،
گىگانت ئۇ، يىقىلماي تۇرار ئەبەدكە.

سەن بېرىپ ھەركىمگە قۇۋۋەت، روھ، ئارمان،
ئەيلەيسەن سەلتەنەت تەختىدە بىر شاھ.
كەلمەس تەڭ ئۇندىكى غۇرۇرغا ئاسمان،
يېتەكەندە قۇملۇقتا كىسەللىك ناگاھ.

......

ئۆتكۈزۈپ ھەر دانە قۇمغا زەررەڭنى،
ياراتتىڭ ئىنسانغا بەخت، مۆجىزات.

① خەمت ئالىمجاندىن.

كېسەلنى ئۇقۇغان داخانلار رەڭنى
يوقاتتى، سېنىڭدىن پۈتتى تىلسىمات.

× ×

بەرھەقكى، بۇندىكى قۇملۇق بىر جەننەت،
ئاندا بار بىھېساب ئىنسان يۈرىكى.
بۇنىڭسىز ئالەمگە بولماس مۇھەببەت
بۇنىڭسىز ئۇلغايماس ھايات كۆرىكى...
......

## يانىمەن...

ئىنسان ئۈچۈن پەزىلەت ئەڭ قەدىرلىك،
شۇ پەزىلەت بولغاچ ياشار مەردانە.
پەزىلەتتىن تۇغۇلىدۇ بەخت ـ قۇت،
قۇياش بولۇپ نۇر چاچار ئۇ ھامانە.

پەزىلەتلىك ئادەم ماڭا پەرىشتە،
ھەر ئىزىغا يۈرىكىمنى ياقىمەن.
پەزىلەتلەر ئاسمىنىدا چولپان بوپ ـ
پەزىلەتنى ئۇلغايتىشقا يانىمەن...

# بەرگەندە...

ئاشۇ يىللار ئىدى (دوزاخ تىمسالى)
پەلەك چاقى ماڭغان چاغلار كەينىگە.
بالا - قازا ۋە ئەنسىزلىك تۆپىلى،
سەبىيلەرمۇ قويۇلغان مەيلىگە.

شۇ كۈنلەردە كەلدى دۆيگە بىر باشلىق
ئازوت بەرگەن زىرائەتنى تەكشۈرۈپ.
يىغىپ دۆيدىن دېھقانلارنى بىرقانچە،
ئاچتى يىغىن، ئېتىز - قىرغا كەلتۈرۈپ.

سۆزلەپ دېدى: — ئاڭلاي راست گەپ، ئازوتنىڭ -
زىرائەتكە قانچىلىك بار پايدىسى؟
بۇنى ئاڭلاپ، مەسۇم بوۋاي بىر چاغدا،
تۇردى ئاستا، چىرايىدا كۈلكىسى.

— ئىككى ئېغىز سۆز قىلاي مەن ئەمەلىي،
تۈنۈگۈنكى بىر ئىش كەلدى ئويۇمغا:
قورقۇنچىم يوق مىنىڭ مۇنداق ھېچقاچان،
راستنى سۆزلەش سىڭگەن ئادەت - خۇيۇمغا.

بېرىۋىدى شۇ ئازوتنىڭ سىرتىنى،
يىلتىزىمغا ئەمەس بەلكى بېشىمغا؛

بىر ئەتىگەن كېتىۋېتىپ كوچىدا،
قاراپ باقسام ئۆز سايەمگە - قېشىمغا:

ئەيىۋەنناس، ئۆسۈپتۇمەن قېرىپمۇ،
پەسكە ئەمەس، يۇقىرىغا بەش مېتر؛
«كونا» بوپ شۇ سازايىدە ماڭغاندا،
تونالمىدى كەمپىرىممۇ قاراپ بىر.

ئاشۇ ئىشتىن بىلدۇالدىم ئازوتنىڭ -
ئادەمگىمۇ كۆرسىتەركەن كۈچىنى.
بېرىپ تۇرساق زىرائەتكە ناۋادا،
تەگكۈزىدۇ بۇلۇتلارغا ئۇچىنى...

قۇۋۋەتلىنىپ، كۈلدى قاتتىق ئەزالار،
لېكىن تېزدىن ئۇچۇپ كەتتى هاۋاغا.
ئاشۇ سۆزدىن مەسۇم ئاكام كەلدى دۇچ،
«بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن ئاتاق - گۇناهقا.
قۇتۇلمىقى ئۇندىن ئەجەب تەس كەلدى،
«زىندان»دا قول قويۇپ قانچە «توۋا» غا...

## خەلقىم

خەلقىمدە بار ئۇلۇغلۇق ۋە دانالىق،
خەلقىمدە بار يېڭىلمەس بىر ھەقىقەت.
خەلقىمدە بار تەڭدىشى يوق كۈچ - قۇدرەت
خەلقىمدە بار پۈتمەس سۆيگۈ - مۇھەببەت.

خەلقىم ماڭا ئالتۇن بۆشۈك خىسلەتلىك،
خەلقىم بەردى شاھ ـ سۇلتانلىق تاج ـ دۆلەت.
خەلقىم بەردى ۋىجدان، نومۇس ۋە غۇرۇر،
خەلقىم ماڭا ئۆمرۈم بويى بىر جەننەت.

## مېھنەتكەش

مېھنەتكەش ئەبەدىي ئەل بىلەن يولداش،
ئەمگىكى قىلىدۇ بەختكە قولداش.
ماڭلايدىن تامچىغان ھەر تامچە تەرى،
بۈيۈكلۈك كۆكىدە چاقنىغان قۇياش.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت ئادەمنى ئويغىتار جەزمەن،
سۆيگۈدىن يۈرەكنى ياشنىتار جەزمەن.
كۆڭۈللەر بىغىنى سولماس باھار قىپ
نۇر ئوخشاش ھەر ئىزنى چاقنىتار جەزمەن.

## تۇغۇلارمەن ئىجادىمدىن...

ۋەتەن — دەپ سىزىقىدۇ يۈرىكىم تىنماي،
ۋەتەن — دەپ ئالىمەن يالقۇنلۇق نەپەس.
ۋەتەن — دەپ تۇغۇلغان سۆيگۈ ۋە ئىشقىم،
قۇياشنىڭ نۇرىدەك ئۇلۇغ - مۇقەددەس.

سۆيىمەن گۈلشەننى، زۇمرەت دالادا -
نۇرتامان ماڭغان ھەم ئۇلۇغ كارۋاننى.
سۆيىمەن مۇھەببەت تۇغقان ھاياتنى،
مەن شۇلار ئىلكىگە ئاتىدىم جاننى.

دەنىلىك ئۆتەر ھەر دەقىقە، ئەسنام
غۇرۇرلۇق تەختىدە سۇلتانىمەن ئەبەد.
بۇ قايناق ھاياتتا ئىجاد قىپ ھارماي،
ئۆلمەسمەن، تۇغۇلۇپ ئىجادتىن ھەر رەت...

## سايرام

پەرىسەن ئالدىمدا نازلىنىپ تۇرغان،
سېھىرىڭدىن قەلبىمنى ئەيلەپ مەھلىيا.
جىلۋەڭگە ئالتۇن نۇر بولۇپتۇ مېھمان،
سەن شۇ تاپ گۈزەللىك تەڭرىسى گويا.

بۇ قۇتلۇق دىيارنىڭ كۆركى ئەي سايرام،
سېنىڭدىن تۇغۇلار يالقۇنلۇق ئىلھام.

باغرىڭدا تۇرىمەن، خىياللار ئەۋجى —
ئاھ، مېنى ئەكىتەر يىراق - يىراققا.
كېزىمەن چۇغلۇققا تولغان گۈلشەننى،
تولدۇرۇپ قەلبىمنى سۆيگۈ - پىراققا.
ئاققۇلار جاي تۇتقان قوينۇڭدىن سايرام،
ئاسمانمۇ ئۇيىلار ھۆسنىڭدىن سايرام.

كۈمۈش رەڭ ھەل بەرسە ئۇپۇققا سۈبھى،
قارىغايلىق باغرىڭنى قۇچىدۇ ناۋا.
شوخ، مەيىن شاماللار ئۇچسا غۇرقىراپ،
ئىپارغا تولىدۇ سەندىكى ھاۋا.
مەست بولۇپ شۇ پەيتتە ۋۇجۇدۇم، سايرام،
ئېرىيدۇ سۇ بولۇپ يۈرىكىم، سايرام.

سەبدەللىك، چىملىقتا ئوينار باللار،
قوغلىشىپ، يومىداقلاپ سىلىشىپ چۇقان.
چېھرىدە يانار بىر قۇياش، خۇشلۇقتىن -
ئاقماقتا قەلبىدە بىر دەريا شۇئان.
چىن بەخت كەڭ قۇچاق ئېچىپتۇ، سايرام.
بېھىشمۇ كۆكسىڭگە كۆچۈپتۇ، سايرام.

ئاق نۇردىن رەڭ ئالغان كۈرمىڭلىغان پۇت،
سۈيۈڭگە چىلىنىپ قانمىغانىدى.

قىز ـ يىگىت قەلبىنىڭ ئىزھارى بولۇپ،
ھەر ئۈنچەك بىزلەرگە چاچرىغانىدى.
مۇھەببەت ئويغىنار بويۇڭدا سايرام،
يالقۇنلار، ئۇلغىيار قوينۇڭدا سايرام.

ئاسماندا چاقنىغان سانسىز يۇلتۇزدەك،
سېنىڭدە ھېكمەت بار، سەندە خىسلەت بار،
تەبىئەت تەڭرىسى بەخشەندە قىلغان،
سېنىڭدە مەڭگۈگە پۈتمەس ھىممەت بار.
سەن خەلقىم قەلبىنىڭ سىماسى سايرام،
پەزىلەت ئەينىكى، زىباسى سايرام.

ساقلىسۇن ئەل، تەڭرى گۈزەللىكىڭنى،
يالقۇنلۇق مۇھەببەت ساڭىلا قاياش.
يوقالسۇن زېمىندىن ئىپلاس ئاياغدا —
باغرىڭدا ياشنىغان گۈلشەننى چاناش.
سەن تەڭرى تېغىدا بىر غۇنچە، سايرام،
ۋالىلداپ نۇر چاچقان بىر ئۈنچە، سايرام.

تۇيغۇ ۋە ھېسلىرىم ۋەسلىڭدە ھامان،
ئەقىدەم گۈزەللىك ئىلكىدە ياشاش.
پەخرىم ۋە غۇرۇرۇم، تاجۇتەختىم شۇ ـ
ئۇزلۇقتا ئەبەدىي قانماستىن قاراش.
سېنىڭدىن ئەندىزە ئېلىپ مەن سايرام،
ئادەمگە، ئالەمگە يايىمەن سايرام.

# ئاقتاشقا① چىققاندا!

ئاسماننى سۆيگەن قارىغايلارغا،
ئاق شايى بولۇت يېپىلغان يۇيقا.
گويا ئۇلتۇرۇپ قىلغان تەبەسسۇم،
پەرىزات بولۇپ كۆرۈنەر چوققا.

ھەر رەڭ گىياھتىن بېزەلگەن دالا،
بۇندا گۈزەللىك ھۆسن زىباسى.
گۈللەرنى ئۇسسۇل ئوينىتار سەلكىن،
ئالتۇن رەڭ نۇرنىڭ ئاندا جىلاسى.

قۇشلار ئىشقىدا ئەيلىسە ناۋا،
قاش سۇيى مۇقام ئېيتار بوپ ھەمدەم.
تىترەيدۇ بەزى زېمىن، كۆك بولغاچ،
بىر سىمفونىيە پەيدا ئاشۇ دەم.

ئېھ، قۇچىقىمغا كىرەر بۇلۇتلار،
چىققان چېغىمدا چوققىلارغا مەن.
ئەكەتتى مېنى يىراققا شۇ چاغ،
ھېسلىرىم بولۇپ بىر ئۇچار گىلەم.

① ئاقتاش —— قاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مەشھۇر گوزەل يايلاق.

مانا ئالدىمدا ئاچتى چېھرىنى،
ئاھ، لىرىكىنىڭ كەڭرى دۇنياسى.
چەكسىز سۆيگۈنى تۇغقان ھاياتىنىڭ،
مۇشۇ يەردىكەن يارقىن سىماسى.

گۈلتاجى بولۇپ ئانا دىيارنىڭ،
ياشنىغىن ئاقتاش، سولمىغىن ئەبەد.
سەندە ئۆمۈرلۈك بەختكە جاي بار،
سېنىڭدىن ئۆزگە نە قىلغاي جەننەت.

## ئۇلۇغ ئاتا — تەڭرىسەن ماڭا

يالقۇنلايدۇ يۈرىكىم چوغدەك،
ئاتا — دېگەن شۇ بۈيۈك نامدىن.
پەرۋىش قىلدى بىزنى ۋاز كېچىپ،
سانسىز كېچە، غەنىيمەت تاڭدىن.

بارا - بارا ياشلىق ئۆمرىنى،
بېرەر بىزگە ئېلىپ ئۆزىدىن.
قارىغايدەك قەددى يا بولار،
كۆچۈپ ئاستا نۇرلار كۆزىدىن.

ئاتا كۆڭلى نازۇك ئاجايىپ،
ئاتا كۆڭلى، چېكى يوق دەريا.

ئاگا زەررە يامان ئىش سىغماس،
لېكىن سىغار بۇ كەگرى دۇنيا.

ئاتا ئۇلۇغ، ئاتىلار ئىزى -
بىزنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت.
ئاتىلاردىن مىراس بوپ بىزگە،
قالدى بۈيۈك پەزىلەت - ھېكمەت.

ئۇلۇغ ئاتا — تەگرىسەن ماگا،
سەندىن ئۆزگە يۆلەك، بەختىم يوق.
نەدە بولساڭ شۇ يەردە مەن ئۈچۈن
سەجدىگاھىم باشقا تەختىم يوق.

## تاڭ سۆيگۈسى

ئاچقاندا گۈزەل تاڭ پەرىسى جامال،
ئاھ، شېرىن تۇيغۇلار مېنى ئەگدەر.
سۈمۈرۈپ قانماستىن ئىپار ھىدىنى مەن،
كېزىمەن باغلاردىن تاغلارغا قەدەر.

شاماللار ئۈچىدۇ مەگزىمنى سۆيۈپ،
باققاندا زېمىنغا تويماستىن ئۇزاق.
ئەيلەيدۇ ئاندا بىر گۈزەللىك جىلۋە،
ئۇلغىيار باغرىمدا ئاگا ئوت - پىراق.

چاچقۇلار چاقناتقان نۇرلار ئەكسىدىن،
رەڭ ئالار غۇنچىلار تولۇپ ھۆسنىگە.
نۇرلارغا قوشۇلۇپ مېنىڭمۇ ئىشقىم،
نۇر بولۇپ قۇيۇلار زېمىن ئۈستىگە.

ئۇلغىيار ئۈمىدىم دىلىمدا ھامان،
نۇرلىنىپ ئاقارغان تاڭنىڭ ۋەسلىدىن.
خىسلەتلىك ئاشۇ تاڭ ئۆمرۈمگە مىسال،
چۈنكى مەن قۇياشتەك ئىنسان نەسلىدىن...

## ئارمان

سەبىي چېغىم، يۈرىكىمدە بىر ئارمان،
ياندى بولۇپ گويا نۇرلۇق بىر چولپان.
ياقا يىرتتىم، پېتىپ ھەسرەت ئىلكىگە،
شۇ ئارمىنىم بولغان چاغدا ئاھ، پىنھان.

ياندى ئاشۇ ئارمان بۈگۈن قايتىدىن،
بولغاچ ماڭا تارايماس، كەڭ بىر ئىمكان.
ئۆرلەپ كۆككە قۇچاقلايمەن قۇياشنى،
ئىلكىمدىكى خانام بولدى يەر - ئاسمان.

ئارمان دېگەن ئەنە شۇنداق بولاركەن،
نۇرغا ئوخشاش مەڭگۈ سۈزۈك، بىغۇبار.

ئارمان قىلار بىر جېنىمنى مىڭبىر جان،
ئاشۇ ئارمان ماڭا چەكسىز ئىپتىخار.

ئارمان، ئارمان ماڭا پۈتكىل بىر قۇدرەت،
پەزىلەتتىن زېمىندا گۈل ئۈندۈرەي.
مۇھەببەتنى يېڭىباشتىن ئۇلغايتىپ،
ئىنسانلارنى ۋىسالىدا كۈلدۈرەي...

## شاماللاردىن بىر سادانى ئاڭلايمەن

شاماللاردىن بىر سادانى ئاڭلايمەن،
شاماللارغا كۆكرىكىمنى تۇتقاندا.
سەزگۈرىمنى مەن تېخىمۇ ئۇچلايمەن،
شۇ سادادىن شادلىق، غەشنى ئۇققاندا.

شاماللاردىن بىر سادانى ئاڭلايمەن،
ئاشۇ سادا بەخش ئېتەر قۇت، ئارام.
بىر ۋىسالغا قۇچىقىمنى ئاچىمەن،
ئەقىدەمنى قىلغاچ ئەسىر ئۇ تامام.

شاماللاردىن بىر سادانى ئاڭلايمەن،
كۈلگەن چاغدا كۆكتە يۇلتۇز، تولۇن ئاي.
بەخت تەگرى — مۇھەببەتنى ياقلايمەن،
قالغان چاغدا پىچىرلاشلار ئاڭلانماي.

شاماللاردىن بىر سادانى ئاڭلايمەن،
ئۇ سادالار جۇشقۇن ھايات سۈرىتى.
شۇ سۈرەتكە كۆيلىرىمنى سازلايمەن،
ئايان بولسۇن — دىبان بۈيۈك خىسلىتى.

شاماللاردىن بىر سادانى ئاڭلايمەن،
ئاندا ماڭا ئەل تىلىكى زەپ ئايان.
تارلىقلارغا يالقۇن بولۇپ چاچرايمەن،
خىتابىم شۇ — مەنزىلىمدۇر نۇرسايان...

## يۈرەك قېنىمنى سىڭدۈرۈپ...

(ئوقۇتقۇچى ئاغزىدىن)

ئۆسمەكتە تىخىمۇ ئۇستازلار قەدرى،
زامانەم بولغاچقا ئۇز، ئۇلۇغ شۇنچە.
ساپ - ھالال ئەجرىمدىن ئىچىلدى كۆلۈپ،
مەرىپەت بېغىدا تالاي گۈل - غۇنچە.

ئەل - ۋەتەن بەرگەن كۆپ ھۆرمەت ۋە شاندىن،
ئۇرغۇدى قەلبىمدە يېڭى شىجائەت.
سىڭدۈرۈپ يەنىمۇ يۈرەك قېنىمنى —
ئىلىم - پەن بېغىدا ئىشلەي داۋامەت.

## سەن ماڭا ئانىسەن ئىككىلا ئالەم

رەڭگىڭمۇ رەڭگىمگە ئوخشاپ كېتىدۇ،
ئىنسانمەن، بىراق يوق سېنىڭدە سەزگۈ.
كەڭ سېخىي باغرىڭدىن ماڭا دائىما ـ
بېرىسەن خالىسلىق نىيەتنى ئىزگۈ.

شۇ نىيەت مەن ئۈچۈن يۈكسەك، ئەتىۋار،
چىقاردى شۇ نىيەت مېنى ئەرشكە.
شۇ نىيەت بەخش ئېتىپ ماڭا روھ، بەخت،
ئەكىردى ئەل ئىچى جەننەت، ئەيشكە.

يۈرەكتە بار ئاتەش ھۆرمەت، مۇھەببەت،
كىشىلەر ئۈستۈڭدە، كىشى ئالەمدە.
ھەر دىلدا ئورنىغاچ ئۈزۈلمەس رىشتىلىك،
ئۈمىدلىك، سۆيگۈلۈك ئادەم ـ ئادەمدە.

سەن ھايات زېمىنى، ھايات سەھنىسى،
ئاھ، زېمىن يېتىلمەس سىرلىق مەيدان سەن.
كۆرمىگىلار ياشىسا ۋىسالدىن خەندان،
ئەچچىگە ۋەھىمىلىك، سۈرلۈك زىندان سەن.

ساڭا جەم ئۇلۇغلۇق، خىسلەت ۋە ھېكمەت،
ئىنسانلار گەر ئۇنى سۆزلىسە پۈتمەس.

سەن ھايات ئانىسى، سەن بۈيۈك تەڭرى،
سىنىڭدە روي بەرگەن مۆجىزە پۈتمەس.

ئاھۇ كۆز بۆلاقلار ئۆرلەو قەدىرىڭدىن،
ھەر تەنگە جان بەخش ئېتەر ئۇ زەمزەم.
ئۇنىڭدىن ئالەمدە چىن زىننەت ئاشار،
زىننەتكە سۆيگۈلەر جۇش ئۇرار ھەردەم.

ئالىسەن سىڭدىرىپ قۇياش نۇرىنى،
ئالىسەن بىتىمگىنى يۇيۇپ شۇ نۇردا.
نۇر بىلەن يۇغۇرۇپ ئالغاچ جىسمىڭنى،
يوق ساڭا ئالەمدە تەڭداش غۇرۇردا.

سەندىكى خىسلەتلەر ئەندىزە ماڭا،
لەك ئۇرار قەلبىمدە ساڭا ئېتىقاد.
سەن ماڭا ئانىسەن، ھەرنە بولسامۇ —
يەكلىشىك ئىككىلا ئالەم ماڭا يات...

## قەھرىمدىن تۇغۇلغان مۇھەببەت

ئۆرلەيدۇ ماگمىدەك قەھرىم ئىچىمدىن،
تىترەيدۇ ئايىغىم ئاستىدا زېمىن.
چاچرايدۇ تەڭداشسىز يالقۇن كۆزۈمدىن،
گوياكى زۇلمەتنى يارغاندەك چېقىن.

ئۆرلەيدۇ شىددەتلىك دولقۇندەك قەھرىم،
شۇ دولقۇن زەربىدىن قىيالار يەكسان.
گۈركىرەر سۈرىنى تارقىتىپ نەھرىم،
بۇ سۈردىن رەقىبلەر بولىدۇ سەرسان.

ئۆرلەيدۇ ئۈزۈلمەي قەھرىم ئىچىمدىن،
چاچقاندا ئالەمگە مىكرىنى شەيتان.
تىلەيمەن، ئاق كۆڭۈل ساددا شۇندىن، دەپ –
كەتمىگەي ئەسىر بوپ زېمىندىن ئاسان.

ئۆرلەيدۇ توختىماي قەھرىم ئىچىمدىن،
ياخشىلار بولغاندا يامانغا يولداش.
كالتە ئىش، ئالداشلار ئۆتەر جېنىمدىن،
زەردارغا ئالدامچى بولغاندا قولداش.

ئەمەسمەن قەھرلىك ئەزەلدىن – ئەبەد،
تۇغۇلغان خۇشاللىق، كۈلكىلەر ئىچرە.
بەئەينى كۆڭلۈم كەڭ سېخىي تەبىئەت،
قۇياشتىن ئالغانمەن سىياق ۋە زەررە.

تۆكۈلۈپ تۇرمايدۇ قار – مۇز بېتىمدىن،
ۋە ياكى ئاغزىمنى ئاچساملا زەھەر؛
ئۇرغۇيدۇ مۇھەببەت، – سۆيگۈ قېنىمدىن،
ۋىسالىلار بېغىدا كۈلدۈرۈپ سەھەر.

شۇ قەھرىم ئانىدۇر بەختكە ھامىي،
بىلسەڭكى، ئانىدەك قەھرىم نەتىۋا.
ئانىنىڭ ھۆرمەت ۋە جەننەت دەرگاھى،
ئانىنىڭ ھەر ئىزى مەڭگۈ سەجدىگاھ.

قەھرىمدىن يۇيۇلار ناپاك، رەزگىللىك،
بىخ سۈرگەن دىللاردا تۆھمەت، ئىغۋالار.
يامانىنىڭ بازىرى كۇتا، بىردەملىك.
ياخشىنىڭ ئىزىدىن ئۈنەر تىللالار.

قەھرىمدىن يامانلىق پۈتسە، ئۈنمىسە،
ئالەمگە ياخشىلىق ياپسا كەڭ ئېتەك؛
مۇھەببەت ئېلكىدە ئىنسانلار كۈلسە،
تېخىمۇ بولىسىدى ئالەم گۈزەلرەك.

زىمىستان كەينىدىن كېلەر باھار، ياز،
قەھرىمگە بولار شۇ ھەقىقىي تىمسال.
چىنلىقتا يۇقمايدۇ قاتمۇ قات پەرداز،
ياخشىغا قەھرىمدىن يەتمىسۇن مالال...

## لاچىندىن بىر تەسىرات

پەر قاقىدۇ كۆك قەھرىدە بىر لاچىن،
قاناتلىرى خەنجەرسىمان گويا كى.
ئېتىلغاندا ئاقار يۇلتۇز سۈرىتى،
ئايرىلغانىدەك سادىقىدىن ئوق ياكى.

پەرۋاز قىلار، قىياس سالار بەھۇزۇر،
كەڭ سامانىڭ خوجىسىدەك دەممۇدەم.
كۆزنى تىككەر ھەريان، يىراق بىخىشلاپ -
روھ، تارايدۇ پەيدى سەلكىن، ھىلىھەم.

ئۇ ھاۋانىڭ، ئۇ دالانىڭ ئەركىسى،
ئاڭا ئۇدۇم ئاشۇ خاسلىق ۋە خىسلەت.
كۆكرىكىگە بورانلارنىڭ زەربىدىن،
جەم قىلىدۇ تاشتى تېشەر بىر قۇدرەت.

ئاندا ئۇرار جۇش، ھاياتنىڭ سۆيگۈسى،
باتۇرلۇقى شۇ سۆيگۈنىڭ كۈچىدىن.
شۇ سۆيگۈنى بەخش ئەتتى تاغ - چوققا،
ئۇرۇن بېرىپ، مېھرىلىك كەڭ قوينىدىن.

ئۇ قورۇغدار زېمىن - كۆكنى قۇزغۇندىن
راۋا كۆرمەي قارىلىقنى ئاق نۇرغا.
شۇ يېرىگە ئاپىرىن دەي، ھەي بىراق -
چۈشمىسىكەن ياۋاشلارنى سوق - ئۇرغا...

# ئاچتى جامال باھار دىلبىرى

قۇيرۇقىنى يىغىشتۇرۇپ قىش،
ئۆتۈپ بارار ئەپسۇس، ئاھ ئۇرۇپ.
ھەمراھ بولغاچ ئاڭا غەم، تەشۋىش،
يوقالغاچقا ئوڭ - تەتۈر قىلمىش،
بوغۇلار ئۇ ھەسرەتكە تولۇپ.

ئۇچۇپ ئۆتكەن ئىزغىرىن شامال،
ئىللىقلىققا ئۆزگەردى دەرھال.
زىلال سۇلار ئاقتى ئېرىقتا،
قېتىپ قالغان نوتا - چۇقىتا،
پەيدا بولدى يومرانلىق بىر ھال.

بولدى ئايان رەڭگارەڭ ئاسمان،
سۆرۈن تەلەت يوقىلىپ تۈتەك.
قۇياش تۆككەچ ئەلۋەك نۇر - زىيا،
جىلۋە قىلار ئۆز رەڭ، چىمەن سىما،
ئاسماندا كەچ كۈلەر ئاي، چېچەك.

باھار ھىدى كېزىدۇ ئەركىن،
دىللارغا شادلىق بەخش ئېتىشىپ.
قۇشلار ھەزىل قىلىشىپ سايرار،

سايرىشىدا: «كەلدى نەۋ باھار،
ئۆزگىچە ئىش باشلا»، ــ دېيىشىپ.

## شۆھرەتلەرگە ئەمەسمەن خۇمار

قانچىلەر قىلغىنىدا ماڭا سالام
جاۋابەن قىلدىم سالام ئېگىلگەنچە.
ئەكسىچە كېرىلمىدىم، پۈۋلەپ مېنى
ئالدىمدا خۇشامەت سۆز دېيىلگەنچە.

چوققىغا ئۆرلىگىنىم ـ
ئۆرلىگىنىم،
ئۇ ئەمەس شۆھرەت ئۇچۇن قىلىنغان ئىش.
جۇش ئۇرار دىلدا ئارمان تىنىم تاپماي،
ئۆرلىشىم شۇ ئارماندىن ۋىسال تېپىش.

شۇنىڭدىن ئىرادەمنى ئۆلچەپ ئۇلار،
قايىللىق راۋىقىغا چىقىپ قالدى.
پۈتمەكچى بولـۇپ مېنىڭ ئىز ـ نامىمنى،
شۆھرەتنىڭ ۋارىقىنى ئېچىپ قالدى.

روھىمدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھى،
ئۇ پۈتكەن ئابىدىلەر كۆكرىكىمدە.

ئۇ باسقان ئىزلار ماڭا تاڭ يۇلتۇزى،
غايىسى، ئېتىقادى يۈرىكىمدە.

كۆرۈلدەپ ماڭسا خەلقىم داۋانلارغا
قالامدىم چەتتە قاراپ ياكى كەينىدە؟
يۈرمەيمەن قورقىساق، ھۇرۇن، ئاۋاق بىلەن
ئىشرەتلەر ئىلكىدە يا گۈل سەيلىدە.

چىققانىمەن كەڭ مەيدانغا ئەرلىك بىلەن،
سائادەت ئۈچۈن يېڭىم چىڭ تۈرۈكلۈك.
تۇرمايمەن پىشارمۇ دەپ، كۆيسەم، يانسام،
دىلغۇل بولماي ئوقتەك تېز يۈرگۈلۈك.

ناۋادا مىڭدىن بىرى ئالغان ئاياغ
نىشانسىز چەتلەپ قالسا ئەل كەچۈردى.
ئۇ ئەيىب ئەمەس، بىراق ساۋاق بېرىپ
كەينىدىن كەلگەنلەرگە ئىز كۆرسىتەر.

خاس ئەمەس ئەل ئوغلىغا شۆھرەت، كىبىر،
نام ئۈچۈن قەدەم باسسا، زەپەر قوچسا.
ئاخىرى ئالقاندا ئەل كۆتۈرگىچە
ئالدىراپ ئۆزى تەنھا كۆككە ئۇچسا.

ئەمەسمەن شۆھرەتلەرگە ئانچە خۇمار،
شۆھرەتقۇ يارىشىقى ئىنسانلارنىڭ.
شۆھرەتنى تالاشقانلار كۆپقۇ، بىراق ـ
ئۇ ئەمەس بىرى خەير ـ ئېھسانلارنىڭ.

شۆھرەتسىز ئۆتەي دوستلار، مېھنەت بىلەن،
بىمىننەت مېھنەتىمدىن ھۆرمەت سېزىپ.
«ساراڭغا سۆز ياراشماس» دېگىنىدەك.
قالماڭلار مېنى دەپمۇ كەتكەن ئېزىپ...

## سۆيگۈ سىرى

ئەل بىلەن
ئالەم بىلەن خۇشلىشىپ،
خانىسىغا قۇياش كىرىپ كەتكەندە،
ئاسماندىكى كۆرمىگىلىغان پەرىنىڭ
كۆزى بولغان يۇلتۇزلارنىڭ
كۆلۈش پەيتى يەتكەندە،
ئۇ يەردىكى بىر دالانىق ھويلىدىن،
بۇ يەردىكى كەڭ ئايۋانلىق بىر ئۆيدىن،
چىقتى ئىككى سايە ئىتتىك تالىلىقا.

پىچىرلاشتى لەۋ يىقىپ بىردەم
قىنىپ - قىنىپ سۆيگۈ - شادلىققا،
كىرىپ كەتتى ئۆتمەستىن ھايال،
ھەيران قالدىم، بۇ نىمە ھال؟
بىر جۈپ يۈرەك تاپتىغۇ ۋىسال.
چۈشەندىم،
چوڭلاردا ئەۋلادى بەختى
ئويغانغىچە
يىگىت قىزدا ئويغاندى ئاۋۋال...

# روزى نىياز

## ئادىتىم

ھەركۈنى سۈبھىدە تۇرۇپ ئۇيقۇدىن،
باقىمەن روجەكتىن شەرقىي ئۇپۇققا.
قىپقىزىل لېنتىنى بالقىغان قۇياش ـ
ئاسىدۇ پاختىدەك ئاپئاق بۇلۇتقا.

چوغ رەڭلىك ئۇپۇقتىن كۆرىمەن ئايان،
ھۆر ـ ئازاد، مۇبارەك تاڭنىڭ چېھرىنى.
سېزىمەن شۇ قەدەر يېقىملىق ـ ئىللىق،
قەلبىمگە قۇيۇلغان زامان مېھرىنى.

ئۈمىدلەر يۈكىدە يايراپ تەنلىرىم،
تولىمەن بىھېساب ئەدرەك ـ مادارغا.
ئالىمەن ئۆتكەللەر قورغانلىرىنى،
تەر تۆكۈپ ئىلىم ـ پەن باغى ـ گۈلزارغا.

لاپ ئۇرۇش،
كۆرەڭلەش — خەتەرلىك دۈشمەن،
تەپەككۇر كۆكىدە سولماس قاناتىم.
بىر ئۆمرۈم پەيزىنى ئاشۇنداق سۈرمەك،
ئاخىرقى دەمگىچە بۇرچۇم — ئادىتىم.

1959 - يىل 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

## ماي ئىلھامى

كەلدى يەنە شادلىق ئارا شۇ مۇقەددەس كۈن،
كۈتۈۋالدىم قۇتلاپ ئۇنى كۈلگەندە سەھەر.
شەرىپىگە ئېيتقىنىمدا ياڭراق ناخشىنى،
يەتتى گويا شاۋقۇنلىرى ئاسمانغا قەدەر.

ئىشقىمنى مىڭ چەشمە قىلىپ چاچتىم ئۈنچىلەر،
گۈزەل ئانا دىيارىمنىڭ گۈلشەن كۆكسىگە.
كۆردۈم
بەخت تاپقان سانسىز چىرايدا كۈلكە،
كەڭ كائىنات كىرگەن گويا بايرام تۈسىگە.

ئەسلىدىم مەن، كۈرەشچان ماي، شانلىق بېتىڭنى،
جاسارەتلىك ئەمگەكچىلەر قېنىدا يازغان.

هەر نەپەستە بولۇپ ھەمراھ ئوتلۇق كۈرەشكە،
سائادەتنىڭ، ئىستىقبالنىڭ يولىنى ئاچقان.

ھەيۋە - تەھدىت، توسقۇنلارنىڭ قەددىنى پۈكلەپ،
ئالغا ئاقار جۇشقۇنلىنىپ تارىخ ئېقىمى.
جاھاندىكى ئەمگەكچىنىڭ يۈرىكى تۇتاش،
يالتىرايدۇ چىرايلاردا ئىقبال سىزىمى.

يەنە مىڭلاپ پېچەتەك يانغان جەڭ ئەۋجى بىلەن،
پۈتۈن دۇنيا كىيەر چوغدەك شەپەقتىن تونلار.
ئەۋلادىمىز كەلگۈسىنىڭ لەيلىزارىدا،
ئويناپ - كۈلەر چۆمۈپ نۇرغا، تۇتۇشۇپ قوللار.

1978 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## سۇغا قاراپ...

ئاپئاق بۇرغۇن چىچەكلىنىپ ئاققان تاغ سۈيى،
قانار سەندىن تەشنالىقى ھەر گۈل - گىياھنىڭ.
ياشانسام دەپ يېشىل مەخمەل تونىدا،
ساڭا -
ئاشار چەندان ئاشنالىقى دەشتۇسەھرانىڭ.

بولۇپ مەنمۇ شىلدىرلىغان بىر كۆمۈش بۇلاق،
سىڭسە قەترەم خەلقىم ئىقبال ۋەسلى باغىدا.

بۇ — ھاياتىم باھارىنىڭ ئۇتلۇق قەسىمى،
باشقا ئويلار نە ئىمىشتۇر بۇنىڭ ئالدىدا؟

1978 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## قىزىمغا

ياشناپ نوتا سۈرمەكتىسەن ئوماق قىزىم،
جەننەت ۋەتەن قۇچاقىدا — گۈلزارىدا.
قىلاي ساڭا ئازغىنىلا دۇردانە سۆز،
ئېقىپ مېھرىم نەسىھەتلەر دەرياسىدا.

چاقنىتار كۆز بويىنۇڭدىكى گالستۇكۇڭ،
قۇربانلارنىڭ قانلىرىغا بولۇپ رەڭداش.
زەپ رىتىملىق لىپىلدىغان تومۇرلىرىڭ،
ئەجدادلارنىڭ
يۈرىكىگە بولسۇن تۇتاش.

ئۆتكەي يېڭى كۈن - سائىتىڭ ئىناق، جۇشقۇن،
قايناق چىمەن مەكتەپ قوينى — پەن كانىدا.
بەگباشلىقتا،
ھۇرۇنلۇقتا،
قانائەتكە،
ئەسلا ئورۇن يوقتۇر بىلىم سەيناسىدا.

گويا ئىشچان ئالتۇن ھەسەل ھەرىسىدەك،
مەرىپەتنىڭ گۈللىرىگە باغرىڭنى ياق.
توپلا شىرنە،
سۆيۈپ جاندىن
ئانا ئەلنى،
تۆتلەشتۈرۈش ئىستىكىدە ھەممىلا ۋاق.

شىجائەتتە
ئاچساڭ
تىلسىم قۇلۇپىنى،
بېغىشلايدۇ كۆكنى تۆھپەڭ كۈيى - سازى.
ئاقلالىساڭ ئۆمرۈڭ بويى بۇرچۇڭنى سەن،
مىڭ تەشەككۇر
ئېيتار خەلق
بولۇپ رازى.

1978 - يىل 10 - ئاي، تۇرپان.

## سەيلىگاھ

كۆرمەك ئىستەپ باغرى - بۈيلۇقنى كىشى دىلغاپەركەر،
سەير ئەتسە ئۇل بېھىشتا راھەت - ھۇزۇرغا چۆكەر.

زىلال سۇلار چېلىپ ئاقسا خۇش يېقىملىق سازىنى،
كۈي - نەغمىچى قۇشلار ئاشىق گۈل - چىمەن ئىپار تۆكەر.

بۈك - باراقسان باراڭ گويا زۇمرەت ئاسمان گۈمبىزى،
يالتىرايدۇ چاقنىتىپ كۆز ھەر ساپاغىدا ئۆكەر.

بولۇپ يۇرتۇم باغلىرىنىڭ كۆركەم شاھى - سۇلتانى،
لالە تاغدا ئالتۇن تەردە تېخىمۇ ياشنا - كۆكەر.

1979 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## تاپتىم

(دوستۇمنىڭ ئاغزىدىن)

يېگەن سالماي بالا نەپسىمگە ھېچ، نادىمنى مەن ساتتىم،
ھەشەمەتلىك زىياپەتنىڭ كويىدا ھەر تامان چاپتىم.

قورسىقىمدا توڭگۇز قاتراپ كەسىپ ئەيلەپ شىكايەتنى،
يارانۇدوست ئاراسىغا جېدەل - جەڭ ئۇرۇقى چاچتىم.

بېلىق كۆزى قەدەھ قولدا قۇرۇپ چازا - باداشقانى،
ئىچىپ مەينى گويا سۇدەك قاشا - تام تۈۋىدە ياتتىم.

كى مەيدىن سوڭ لىيگەندە كەلتۈرۈلسە زەپ مەززىلىك ئاش،
ئۇزۇق ئەزدەر توخۇلاردەك تۆكۈپ چاپچىپ ئاڭا باقتىم.

چەۋىنچىلىق مادارى يوق پۇتۇمدا ھەر سايان دەسسەپ،
يولۇقساكىم ھۆركىرەپ مەن تۈگۈپ مۇشتىنى غۇلاچ ئاتتىم.

ئەلەس-ئالغاي بولۇپ كۆزۈم مۈدۈرلۈپ مىڭ تۈمەن مەررە،
يېقىمسىز-سەت ئاۋازىمنىڭ بارىچە «كۈي-قوشاق» قاتتىم.

ياقا ئۈچرە تىقىپ باشنى كېلىپ ئۆيگە شەبىستاندا،
ئانا-بالىغا زورلۇق قىلىپ غەزەپ بىرلەن قاچا چاقتىم.

ئۇيقتىپ مەن گاھى شال-پوتلىسىنى ئاغزى-بۇرنۇمنىڭ،
سېسىق-بەتبۇي قارا پاتقاق كى ئەخلەت... قويىنىغا پاتتىم.

تۆكۈلدى ئىززىتىم-ئىناۋىتىم بەئەينى ياغمۇردەك،
يېتەر ئەمدى، ئۆزۈمنى پەس خۇلق-خۇي ئىلكىدىن تارتتىم.

بۇ دۇنيادا قاچا يوقتۇر ئالاي دېسەم پۇشايماننى،
ھاياتىمدا گۈزەل ئەخلاق ئىسىملىك بىر جانان تاپتىم.

1979-يىل 11-ئاي، پىچان.

## ئۈزۈلمەس رىشتە

ئارغامچا پولاتتىن بولسىمۇ،
ئەمما،
ئۈزۈلەر ئاي-يىلنىڭ ئىسكەكلىرىدە.

ئۆزۈلمەس ۋەتەنگە باغلانغان سۆيگۈم،
ئىشلىگەچ ئۇ — مېھرىم يېپەكلىرىدە.
ۋەتەنگە ئەقىدەم چاقنار يۇلتۇزدەك،
تۆكۈلگەن تەر - ئەجرىم چېچەكلىرىدە.

1979 - يىل 11 - ئاي، پىچان.

## پىلە قۇرتى

ماختىنىدۇ باشقىلارغا دائىم ئۆمۈچۈك،
بۇلۇڭلاردا خىلۋەت ماكان — تورلار سىلىشتىن.
ئەڭ ئاداققى يىپەكنى بېرىپ باھار پىلىسى،
قالار توختاپ جىمجىتقىنا نەپەس ئېلىشتىن.
پىلە روھى بولسۇن سەندە،
قىلمىغىن مىننەت،
گۈل ياپساڭمۇ ھەر دىيارغا مېھنەت - چېلىشتىن.

1979 - يىل 12 - ئاي، پىچان.

## ئۆرۈكزارنى كۆرگەندە...

قاردىن لىباس يېپىنغاندەك ئۆرۈكزارلىق،
چېچەكلەپتۇ نەۋ باھاردىن بېرىپ دېرەك.
گويا ئەنبەر، ئىپارغا لىق كۆمۈلگەندەك،
تارقىتىدۇ خۇش بۇيى پۇراق ھەر بىر چېچەك.

پېشانىسىدىن تۆكۈپ تالاي كۈمۈش قەترە،
پەرۋانىسىدۇر ئۆرۈكزارغا سىنىخىي باغۋەن.
جۇش ئۇرىدۇ قەلبىدە شاد ئەمگەك ھېسسى،
سىزىپ تېخى
ئۆزىنى ياش، ئىشچان ــ تىمەن.

قىزىل قۇياش پۈركۈگەن زەر ــ شولىلاردا،
جۇلالىنار كۈلۈپ ئۇماق چىچەك لېۋى.
تىلنى يارار شېرىنلىككە تولۇپ يازدا،
بېرەر نېمەت شۇنچە ئەلۋەك ھەربىر شېخى.

باغۋەن ماگا جان پارتىيەم مېھرى ئاپتاپ،
ئۆتەر ئۆمرۈم ئۆرۈكزاردەك كۆركەم ــ گۈزەل.
ئەلگە بەرسەم
ھاياتىمدىن
تاتلىق يېمىش،
شۇدۇر ماگا ھەممىدىن بەك ئەلا ــ ئەۋزەل.

1980 ــ يىل 4 ــ ئاي، توقسۇن.

# بۇلبۇلغا!

سەيلە ئەتسەم شەپەققە بوٚلوٚنگەن باغنى،
مېنى بۇلبۇل كۈتىدۇ شوخلىنىپ سايراپ.
ئىپار بۇيلۇق ھاۋادىن،
بۇلبۇل كۈيىدىن،
قېن - قېنىمغا سىغماسمەن
خۇشلۇقتا يايراپ.

غەم - دوقالنى ئۇزىتىپ تەھتىسارلاغا،
كوٚز - ئوكۇمدا بەختىيار كوٚروٚندى بۇلبۇل.
ئىلھامچىسىنى بۇلبۇلنىڭ تىڭشار كۈيىنى،
زەنلەر قويۇپ
ھەر دەرەخ،
ھەربىر گىياھ - گۈل.

سالغىن قۇلاق،
ئەي بۇلبۇل،
سوٚزوٚم - لەۋزىمگە،
ئالغان بۇ باغ دەۋرىمدىن نۇسخا، رەڭ - بىزەك.
گۈزەل دەۋرىم ئىشقىدا ئۇرغۇتۇپ دىلدىن،
سايرايلى تەڭ بولۇپ بىز قوشماق - قوشكىزەك.

1980 - يىل 5 - ئاي، ئۈرۈمچى.

# ئىستىقبال كۈيى

ھەركىمدىن خوشلىشار،
ياشلىق — گۈل دەۋر،
سۈرئىتى ئۇنىڭكى ئۇچقۇر بىر شامال.
ئىستىقبال زەخمىكى يۈرەك تارىنى —
چېكىدۇ شۇ ھەقتە سۈرگەندە خىيال.

ئېچىلار پورەكلەپ تالايلىغان ياش،
پەزىلەت - ئەخلاقنىڭ چىمەنزارىدا.
تاڭدايۇئاخشامدا چاچار خۇش پۇراق،
تاغ — دالا، كان - ئېتىز، چۆللەر باغرىدا.

ئۇ ياشلار ئۆرلىتەر ئىجتىھات بىلەن،
بىباھا بىلىمگە بەرگەن ئىشقىنى.
بىلىمدىن زەر باسار ئەقىل - پىكرىگە،
چىڭ تۇتۇپ ۋاقىتنىڭ ئالتۇن يىپىنى.

ئۇ ياشلار ئېيتاركى،
كىندىك قانلىرى،
تۆكۈلگەن تۇپراقنى «ئەزىز ئانام» دەپ.
كەلتۈرەر ئەجرىدىن شان - شەرەپ تاجى،
«ۋەتىنىم، تەسەددۇق ساڭا بۇ جان» دەپ.

ئۇ ياشلار
چىن ھۇزۇر سېزەر ئەل ئۈچۈن،
رىيازەت ئوتىدا كۆيۈپ پىشىشنى.
ئويلاپ ئەل بەختىنى،
ئىزدىمەس پەقەت،
راھەتكە غەرق بولۇپ ئۆزى بېيىشنى.

ئۇ ياشلار كېلەر بەك تەلەپچان، ئادىل،
دىل ـ قەلبى گويا كى ئەينەكتەك سۈزۈك.
دەس تۇرۇپ مۇردە يۆتكىسىمۇ تاغ،
سۆزلىمەس چالۋاقاپ ماختىنىپ ـ كۆپۈپ.

دەۋرىمىز سەپەرنىڭ بەيگە ـ جېڭىدە،
مۇشۇنداق ياشلارغا ئىنتىزار ـ تەشنا.
شۇ ياشلار تۇپلىشار ئىستىقبال بىلەن،
بولۇشۇپ
كۆڭلىدىن ۋاپالىق ئاشنا.

تولسا گەر
ياشلىقنىڭ
خاتىرىلىرى،
چولپاندەك نۇرانە مەنە خەزىنىگە،
ياتسىمۇ تۇپراقتا ئاشۇ ياش جىسمى،
بولار ئىش ئىزلىرى ئۆلگە ـ ئەندىزە.

1980 - يىل 5 - ئاي، بېيجىڭ.

## چىنلىق ۋەسلىدە

نېمە قىلسۇن،
نەپىس ـ رەڭدار قەغەز گۈلدە،
جانغا ھۇزۇر بەرگۈچ شىرنە، ئىپسىل پۇراق.
ئۇلۇغ ئانا ــ يەر باغرىنى يېرىپ چىققان،
گۈللەرگىلا خاس ئەزەلدىن خىسلەت بۇنداق.
چىن گۈللەرنى ئىزدەپ ھەرە ـ كېپىنەكلەر،
ئۇچۇپ ئۆتەر قەغەز گۈلدىن چەتلەپ يىراق.

1981 - يىل 1 - ئاي، تۇرپان.

## ئۇستازىمغا!

يورۇتقان ئادەملىق بەھەيۋەت زالىنى،
ئېلېكتر چىراغىنىڭ كۈمۈش نۇرلىرى.
چوغ كەبى بېزەلگەن كۆركەم سەھنىگە،
تىكىلگەن بارچىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى.

ئىزدىسەم،
ئۇستازنى تەلمۈرۈپ ـ بېقىپ،
سەھنىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپتۇ ئورۇن.

كۆكسىگە تاقالغان شان ـ شەرەپ گۈلى،
چاقنايدۇ بولۇپ بىر قىپقىزىل يالقۇن.

پاختىدەك ئاقارغان تال ـ تال چاچلىرى،
بېسىپتۇ نۇرانە يۈزىنى قورۇق.
كۆزىدە ئالەمچە شادلىق جىلۋىسى،
بەستىگە سىرداشتۇر غەيۇر ـ باتۇرلۇق.

تۆكۈپ ساپ ئەجىرلەر ئاستى قاتارى،
يىللارنىڭ بويىنغا گۆھەردىن مونچاق.
تۇرسا ئۇ شۇ قەدەر ئەزىز ـ بىباھا،
ئېيتقىنا، ئەي تارىخ، ئۇنتۇيسەن قانداق؟

بورغا مىلىنىپ دوسكا تۈۋىدە،
ئۆتكۈزمەك ئوتتۇز يىل ئاسانمۇ شۇنچە؟!
يىڭنىدە قازغاچقا قۇدۇقنى چوڭقۇر،
ئېچىلدى بەرق ئۇرۇپ تالايلاپ غۇنچە.

پورەكلەپ ھۈپپىدە بەرمەكتە زىننەت،
دەۋرىمىز ھۆسنىگە شولار تۆت پەسىل.
بەھرىدىن ئۇرۇقلار سېپىپ زېمىنغا،
قىلماقتا باغ ـ ئېرەن كۆركەم ۋە ئېسىل.

يوللىرى ھاياتىنىڭ ئەمەس تىنچ ـ تەكشى،
يىللارنىڭ خۇلقىمۇ ئۆزگىچە ـ باشقا.

تېپىلماس ئالتۇن ـ زەر سانىلىپ تۇچ ـ مىس،
تۆرۈلدى بىر ـ بىرلەپ گۆھەرلەر تاشقا.

كەزمىدى قەلبىدە سولغۇن ـ مەيۈسلۈك،
سوقىسىمۇ قەھرىتان قىشنىڭ جۇدۇنى.
ھەقىقەت ۋەسلىدە ئەگمىدى قامەت،
كەلسىمۇ تۇرۇلۇپ تۆھمەت قۇيۇنى.

كېتىپ جۇت،
كەلگەندە باھار تاڭلىرى،
قۇتلۇقلاپ،
كۆتۈردى
ھۆرلۈك جامىنى.
سازلىدى يېڭىچە مەنزىلنى كۆزلەپ،
مەرىپەت، ئىجادنىڭ جۇشقۇن تارىنى.

ئەمەنىڭ كۆلگە تاشلىماي قارماق،
يەيدۇ ئەل غېمىنى كۆيۈپ بىر شامدەك.
ئوقۇتۇش كەسپىنى سۆيۈپ بىر ئۆمۈر،
قەدىرلەپ قەۋەتلا تۇتىيا ـ جاندەك.

× ×

ئۇستازغا
كۆڭلۈمنىڭ
بېغىدا ئۆسكەن،
ھۆرمىتىم گۈللىرى تىزىقلىق ھەر ئان.

ياشىسام،
مېھرىبان ئاشۇ ئۇستازدەك،
نە قالغاي مېنىڭدە قىلچىلىك ئارمان؟!

1981 - يىل 2 - ئاي، توقسۇن.

## بىرىنچى دەرس

سېنتەبىرنىڭ قۇتلۇق تۇنجى كۈنىدە،
بوشلۇق يېرىپ چېلىندى تۆك قوڭغۇراق.
ئالما يۈزلۈك خۇش چىرايلىق ئوغۇل - قىز،
سىنىپلارغا ئاقتى،
بولماي پاتىپاراق.

سائەتكە تاشلاپ نىگار لىپپىدە،
ماڭدى دەرسكە ياش پېداگوگ دىلمۇرات.
قولتۇقىدا دەرسلىك، دەپتەر، يوقلىما،
كەڭ بەستىگە پۈتكەن پەندىن گاڭ قانات.

كىيىملىرى شۇنچە رەتلىك - پاكىزە،
قارا قۇندۇز چېچى سىپتا تارالغان.
جۇلالىنىپ ئۆتكۈر كۆزى ئىشەنچتە،
لەۋلىرىدە ئوينار كۈلكە - ھاياجان.

كىرگىنىمدە سىنىپ — گۈلشەن ئۈچمىگە،
ھۆرمەت بىلەن تۇردى دوستلار گۈررىدە.
ياش غۇنچىلار مېھرى گويا قىيامدەك،
ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتتى غۇررىدە.

سەل ھودۇقۇش مىنۇتلىرى كەلگەچكە،
شوخ تايچاقتەك تېپچەكلىدى يۈرىكى.
قۇتۇلدۇردى تەمتىرەشتىن بىر لەھزە،
ئالتۇن تۈۋرۈك ئۇستازلارنىڭ تىلىكى.

باشلىدى دەرس ھايال قىلماي مۇنبەردە،
سالماق - قۇۋناق روھتا تۇتۇپ ئۆزىنى.
زەپ مەززىلىك ياڭاقلارنى چاقاندەك،
رايىش - راۋان قىلدى داۋام سۆزىنى.

ئۆتتى ئانا تىلىدىن بىلىم - ساۋاتنى،
مەنىلەرنى تىزىپ دوررى - ئۈنچىدەك.
رەڭ تۈزىگەچ قارا دوسكا پات - پاتلا،
كۆرۈنەتتى پورەكلىگەن غۇنچىدەك.

سەبىي ھەر دىل ئاڭلايتتى دەرس دىققەتتە،
سۇغا تەشنا مايسىلاردەك زوقلىنىپ.
ئورنىغاندا قائىدە - مىسال ئېڭىغا،
خەندىلىكتە كېتىشەتتى روھلىنىپ.

ئۇتۇق - نۇسرەت بابلىرىدىن ئېچىپ بەت،
بۈتكەندە دەرس قەرەلىدە مەزمۇنلۇق،
ئىستىقبالى كۆندەك يورۇق ئۇستازغا،
شاۋقۇنلىدى تودۇرلاردا مەمنۇنلۇق.

بولماس زىنهار يىلتىزسىز شاخ - يابىراقلار
ھەم دەنبەسىز ئابىھايات سۇ - ئېقىن.
ئوقۇغان ئۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا،
يەن ۋەسلىدە بولۇپ ئۆچمەس بىر چېقىن.

باغلاپ رىشتە يەننىڭ بۈيۈك خەزىنىگە،
يىگنە بىلەن قۇدۇق قازغان قانچىلاپ.
يەتمىگۈنچە ھەر چۈشەنچە تەكتىگە،
ياتقان ئەمەس يەرنى قىرلاپ - يانىباشلاپ،

ئەدەب - ئەخلاق ئىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ،
كىرمىگەننى ئازغۇن ھەۋەس كەينىگە.
چۈشكەن ئۇچقۇر تەپەككۇرى — دۇلدۇلدا،
ئىلمۇئىرپان جەڭگاھىدا بەيگىگە.

قانائەتنىڭ بۆشۈكىدە ئۇخلىماي،
ئالدى دىپلوم ئىزچىل ئەلا باھادا.
كەلدى دادىل مەكتىپىگە يېزىنىڭ،
بولماي ئۆزگە غەشلىك ئويىدا، تامادا.

قالغان ئارمان:

دېھقان ئاكا

پەرزەنتى،
يېتىلسە دەپ مەربىيەتنىڭ سۈيىدە.
چوغلىنىدۇ ئاشۇ ئەمدۇيەبيانى،
كۆڭۈل - كۆكسى مېھرىسىدا - تۆرىدە.

باش پېداگوگ،

بىرىنچى دەرس — سائەتتە،
بەرىقلەر نۇردى ئىزلىرىكىدىن گۈل - چېچەك.
كەڭرى، ئاۋات،

مائارىپنىڭ ئاسمانى،
ئۆرلە، ئۆھپە بىلەن بولۇپ قوشكېزەك.

1981 - يىل 1 - ئاي، تورپان.

## ئوغلۇمغا!

قۇچاق يەتكۈسىز يوغان دەرەخنىڭ،
ئەسلىسى يۇمران بىر كۆچەت.
چوڭلاپ بوۋاقمۇ دەرەخ مىسالى،
يېتەر جىسمىغا قېرىلىق ھالەت.

ئۆتۈپ بىر - بىرلەپ يىللار كارۋىنى،
كېلىدۇ ئوغلۇم، ساڭىمۇ نۆۋەت.
ئىززىتىڭنى چىڭ ساقلايمەن دېسەڭ،
ياشانغانلارنى ئەيلىگىن ھۆرمەت.

1981 - يىل 2 - ئاي. تۇرپان.

## ساقلىغىن...

ساقلىغىن،
ئەي تەگرىم،
خۇشامەتچىدىن،
پۇچقاقتىن كىرىپ ئۇ
چىقار ياقىدىن.
تاپانلار ئاستىدا قانچە پۈكۈلۈپ،
«نەپ» ئېلىپ ئۆگەنگەن تۆشۈك قاچىدىن.

1981 - يىل 3 - ئاي. پىچان.

## نىگارىمغا

ئەسلەپ ۋابا — ئاپەت ياغقان يىللارنى،
پەرياد چېكىپ ياش تۆكمىگىن، نىگارىم.

ئۈمىدنىڭ كەڭ دالاسىدا يايراپ — كۆل،
كۆڭلۈڭنى سەن خۇش - شاد تۇتۇپ، دىلدارىم.

يۇيۇپ كېتەر ھەقىقەتنىڭ ئەنھارى،
قاباھەتلەر كىرلىرىنى - داغىنى.
ئەجرىمىزنى يامغۇر قىلىپ قۇيايلى،
كۆكەرتىشتە ئەلنىڭ ئىقبال باغىنى.

1981 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## قـۇم

ئۇزۇمزارنى يۆلەپ ئۆتەر تاڭ پەرىسى،
مىسلى ئاتەش نۇرلىرىنىڭ بۆشۈكىدە.
بارمىكىنتاڭ يەنە مۇنداق بارچە پەسلى،
ئۆزگىچىلا ئىپىل ماكان يەر يۈزىدە.

ئانا دىيار كەڭرى تۇرپان دالا - تۈزى،
باھار بىلەن كىيەر قېنىق يېشىل كىمخاب.
كېلىپ ھېرىس - ئامراقلىقى قەۋەت - قەۋەت،
قىسار كۆزنى
قۇملۇقلىرى ئاڭا قاراپ.

گەۋدە كېرىپ ياتقان قۇمنىڭ بارخانلىرى،
كۆرۈنىدۇ گويا دېڭىز دولقۇنىدەك.
سۈمۈرۈۋېلىپ پەسلى يازنىڭ ئاپتىپىنى،
قىزدۇرىدۇ تەپتى چوغلار يالقۇنىدەك.

سەراپ جىلۋە ئەتكەن چېغى ئۇسسۇل ئويناپ،
قۇمغا كۆمسە،
لاپ ئەمەسكى،
پىشار تۇخۇم.
كار قىلماسلىق
تومۇز - ئاياز،
بورانلارغا،
ئەسىرلەردىن
ئاڭا سىڭگەن ئادەت - ئۇدۇم.

تەرىپلىسە زەر قۇمنىڭ بىر ھېكمىتىنى،
ئىنسانۇئەل
ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلاردىن.
رېماتىزم كېسىلىدە ئازاب چەككەن،
كۆرمىڭ بىمار شىپالىقىنى تاپار ئاندىن.

ھاجىتى يوق
نە ئۆچىرەت،
نە پۇل - چەكىنىڭ،
ئۇستا دوختۇر،
ماموق كۆرپە ...
قۇمنىڭ ئۆزى.
ئاچچىق تەرلەر، زەرداپ سۇلار ... سىڭگىنىدە،
قىلىپ نالە بىزارلىقتا چىقماس سۆزى.

نەم ئىقلىمدا بىتاپ بولغان بۇرادەرلەر،
قۇمغا چۈشۈش ئىستىكىدە كېلەر ھەر يىل.
خەندىلىكتە تۆكەر ئۈنچە كىرپىكىدىن،
«ماڭالماسلار» ئارسلان كەبى مېڭىپ دادىل.

مېھرىۋاپا، سۆيگۈلەرنىڭ قۇتلۇق ئىزى،
بولدى نەقىش يۇرتۇم قۇمى ھەر يېقىغا.
تۈمەن ئەۋلاد بىر تىلتۇمار قىلىپ ئۇنى،
ئېسىشىدۇ يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا.

ھارارەتلىك ئەي، ئەزىز قۇم، خاسىيىتىڭ،
تۇتتى ماڭا گۈل پەزىلەت جامىدا مەي.
ئەل دەردىگە داۋا بولسام خالىسانە،
«چېچەكلەمدۇ كۈندە ئۆمۈر گۈلى» دېمەي.

1981 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## ئىز

ئالدىرايمەن خىزمىتىمگە سومكامنى ئېلىپ،
ئۇپۇق لېۋى ياقۇت رەڭدىن ئىچكەندە بوياق.
ھەپتە،
ئاي،
يىل
تۇرنىلاردەك تىزىلىپ ئۆتۈپ،
ھاسىل بولدى بىر چىغىر يول مەن بېسىپ ئاياغ.

ھۇزۇرلىنار گاھى چاغدا دىلىم سەلكىنىدىن،
گاھى تىلەر خەيرلىك كۈن تورغايلار سايراپ.
گاھى سىپتا جىبەك بولسا ياقامغا قىراۋ،
گاھى چاغدا چېچەك - قاردىن كىيەرمەن كىمخاب.

شۇ تەرىقە باسقان ئىزىم — چىقارغان يولۇم،
بولار ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ گۇۋاھ - شاھىتى.
مەنزىلگاھقا سالسام ئىز تۆھپە — ئىجادتىن،
ماڭغىنىمنىڭ قانچىلىكتۇر قىممىتى زادى؟!

1982 - يىل 1 - ئاي، تۇرپان.

## ماختاش ئالدىدا...

يەل بەرسە كىچىككىنە شارغا بىراۋ،
يوغىناپ كۆككە ئۆرلەر تىنچ تۇرالماي.
كېرەكسىز نەرسە بولۇپ چۈشەر يەرگە،
يېرىلىپ پاقىدە ئۇ ئۇزاق بارماي.

ئى دوستۇم،
قازانساڭ گەر ئۇتۇق ـ شەرەپ،
تەھقىقكى ماختايدۇ ئەل قىزغىن ـ خۇشال.
كەمتەرلىك ـ يۈكسەكلىككە ئالتۇن شوتا،
قەلبىڭگە يۇلىمسۇن شاركەبى ھال.

1982 - يىل 2 - ئاي، تۇرپان.

## نە بولغاي...

مىڭ بۇلبۇل
ئاشنا
خۇش بۇي چېچەكنىڭ ـ
ھالى نە بولغايكى يىلتىزسىز ـ يەرسىز؟!
ھەسرەت تاغ تىزمىسى ئېتەر سامان رەڭ ـ
رەڭگىنى ئادەمنىڭ ۋەتەنسىز ـ ئەلسىز.

1982 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

## كۆچەت تىكىش ۋە سايىداش

تومۇزنىڭ تونۇر تەپتى كۈنلىرىدە،
ئىنتىلەر كىشى دەرەخ سايىسىغا.
غول ـ ياپراق بىرەر جانغا ھۇزۇر ـ راھەت،
سايىۋەن بولۇپ قۇياش شولىسىغا.

كۆز ئېچىپ،
تىنىم چىقىپ،
تا بۇ چاغقا،
سايىدا سەگىدىم تۈمەن مەررە.
ئويلىسام،
ئەجدادىمىز كۆچەت قويۇپ،
بۈككىدە شاخلىتىپتۇ تۆكۈپ ئەجرە.

كۆچەتلەر قويغانلاردىن تالايلىرى،
مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىغا كەتكەن نەكەم.
روھىنى شادلاندۇرۇپ قالدى، بىراق،
سايىلىق كۆچۈم - كۆچۈم باغۇ ئېرەم.

بۇ مىراس
تاۋار - دۇردۇن ئەڭلىك بولۇپ،
ياراشتى بويلىرىغا ئانا يەرنىڭ.
يېشىللىق دۇنياسىغا چۆمۈلسەم دەر،
شوخلىنىپ ئېقىشىنى كۆتۈپ تەرنىڭ.

ئانا يەر ئۈمىدى ئوت تۇتاشتۇردى،
مىليونلار ۋەتەن مېھرى پىلتىسىگە.
سەپ تۈزۈپ ئۇزۇن سەپەر كارۋانىدەك،
ئات سالدى كۆكەرتىشلەر بەيگىسىگە.

ھەيدەرەەن بۇ دەم ئەمگەك جەڭگاھىدا،
قويىمەن ھەركۆچەتنى مىلك ئاۋايلاپ.
پەرۋىشىم ھەممەتلىرى ئۆزمەيدۇ قول،
ئىشقىمىنىڭ بۇلاقىدىن سۇلار باشلاپ.

خۇشالمەن،
بەرنا بولۇپ
كۆچەتلىرىم،
رەڭ بەرسە ۋەتەن دالا - تۈزلىرىگە.
بىلگەنلەر سايىدەشنى،
كۆچەت قويماي -
قانداقچە
باقار ئەۋلاد
يۈزلىرىگە؟!

1982 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

## مـايـسـا

چىۋەر قوللار بۆشۈك قىلىپ ئېتىزنى،
ئۆستۈرۈپتۇ مايسىلارنى ئەللەيلەپ.
بىر تالىنمۇ خەستىلىكتە قويماپتۇ،
كەلسىمۇ جۇت،
قۇم - بورانلار دېۋەيلەپ.

سېيپاپ ئۆتسە شامال يېپەك قولىدا،
ئىرغاڭلايدۇ ھەربىر تۈپى قىلىپ ناز.
مەھسۇلاتتىن بېرىپ قۇتلۇق بىشارەت،
كۆي تۆكۈپتۇ قۇشلار ئايھاي چېلىپ ساز.

ئالتۇن چەشكە چۈشسە دېھقان نىگارى،
قاقاق ئۇرۇپ يېتەر ئاغزى قۇلاققا.
ماكان تۇتۇپ گۆھەر ئاشلىق ئامبارىدىن،
داستىخانلار تولار مايلىق توغاچقا.

1982 - يىل 4 - ئاي، توقسۇن.

## يۇلغۇن

جەزىرە - چۆللۈكلەر زىننىتى يۇلغۇن،
غەيۇرلۇق - چىدامنىڭ
ئۈلگە — تىمسالى.
چېچەكى ياپراقتەك يەلپۈنەر لەرزان،
شېھىتلەر قېنىنىڭ رەڭگى مىسالى.

1982 - يىل 8 - ئاي، ئاقسۇ.

# كۆڭۈل ئالبومى

شەھەرنىڭ قوينىدا خەلق باغچىسى،
جەننەتتەك گۈزەللىك قوينىغا چۆككەن.
مەشۇقى ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقتەك،
بۇلبۇل ۋە كاككۇكلار كۈيىنى تۆككەن.

قېرى - ياش - سەبىيلەر خۇشلۇق چىرايدا،
دېڭىزدەك چايقىلىپ قىلاتتى سەيلە.
سايىلىق يوللارغا چىمەنلىكلەردىن،
چاچاتتى ئىپارلار ئەتىرگۈل، لەيلى...

كېپ قالدىم بىر چاغدا مېڭىپ - ئارىلاپ،
يېتىلەپ قىزىمنى كۆۋرۈك تۈۋىگە.
يالت قىلىپ چېقىندەك ئاغدى نەزەرىم،
مەرمەردەك نۇرانە پەلەمپەيگە.

ھەسەنۇھۈسەندەك بۇ ئەگمە كۆۋرۈك،
تۇتاشقان زۇمرەت كۆلى تاجى — ئارالغا.
ساھىلى گىلەمدەك شۇ ئارال - زېمىن،
ئۇل - پايە بولۇپتۇ راۋاق - سارايغا.

كۆۋرۈكتە بىر قىزچاق ھەر خىل فورمىدا،
چۈشەتتى سۈرەتكە ياسىداق - پۈزۈر.
ئاپپارات ھەر قېتىم بېسىلغاندا «چاك»،
كېزەتتى دىلىدا بىھېساب ھۇزۇر.

«جايىدا» دېگەندەك سۈرەت تارتقۇچى،
قويسا گەر باش بارماق كۆرسىتىپ پات - پات.
چېچەكنى چاي بولغان زىبا قىز سەكرەپ،
ئەرشتە ئۇچقاندەك بولاتتى ھايھات.

قىزچاقنىڭ ھالىدىن قىزىمغا بىر پەس،
تەئەججۈپ شامىلى ئۇرۇلدى بولغاي.
سورىدى:
— ئاتا! — دەپ، — بۇ ھەدەم مۇنچە -
سۈرەتكە كۆپ چۈشۈپ نېمىمۇ قىلغاي؟

دېدىم مەن
قىزىمنىڭ بېشىنى سىيلاپ:
— گۇۋاھتۇر سۈرىتى ياشلىق پەيتىگە.
ساقلىنار يادىكار - يالداما بولۇپ،
ئېلىنىپ رامكىغا،
ئالبوم ئىچىگە.

كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە چۈشكەن سۈرەتنىڭ،
ئانچىكى تەس ئەمەس ساقلانماقلىقى.

لېكىن، خەلق كۆڭلىنىڭ ئالبوملىرىدا،
قىيىندۇر ھەر كىمنىڭ يادلانماقلىقى.

كۆكلە - ئۆس شۇڭا سەن ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن
پەن بىلەن دوستلىشىپ، تەرىڭنى تۆكۈپ.
لىڭشىتىپ باشنى ئۇ،
قويدى ئارقىدىن،
ئويماقتەك ئاغزىدا بىر تاتلىق كۈلۈپ.

1982 - يىل 8 - ناي، ئۈرۈمچى.

## سۆھبەت

ئون ئىككى سان بىلەن سائەتنىڭ تىلى،
دەلمۇدەل جۈپلەشكەن مەھەلدە - دەمدە.
خانامغا ئىز باستى ئىجازەت سوراپ،
يېڭى يىل مۇبارەك - قۇتلۇق قەدەمدە.

ئۇ كەلدى،
ياشلىقىم ئېقىنلىرىغا،
ئۆركەشلىك ئارزۇ ھەم دەرمان بېغىشلاپ.
يولىغا خۇشلۇقۇم — پايانداز — چىمەن،
— مەرھەمەت تۆرگە، — دەر ئىدىم يېنىشلاپ.

بايرىمى زوقىدا كۆرسىتىپ لۇتفى،
ئالدى جاي يىغىنچاق — سۆلكەتالىك بىلەن.
تۇتتۇم مەن قولىغا تەبرىك جامىنى،
سۇپسۇزۇك شارابى جىمىرلار روشەن.

جىرىڭلار قۇلاقتا يېقىملىق ئۇندە،
سۇنۇلغان قەدەھلەر ھېلىدىن - ھېلى.
بارغانچە شەلپەردەك قىزاردى يۈزلەر،
يۈرەككە يامىشىپ ھارارەت تېۋى.

سورۇندا سۆھبەتنىڭ كېلىپ نۆۋىتى،
سۆز ئاچتى ئۇ، كونا يىلنىڭ ھالىدىن.
سورىدى مېنىڭدىن چوڭقۇرلاپ - تېرەن،
تۆتلىشىش جېڭىنىڭ ئۇتۇق شانىدىن.

جاۋابلار قايتۇردۇم مۇپەسسەل - يارقىن،
مۆجىزە بابىنى بىر - بىر ۋاراقلاپ.
زېھنىيۇ رايىنى ئەسلىدىم ئەسىر،
پاكىتلىق تەپسىرنى پات - پات تۇراقلاپ.

قايىللىق ئىلكىدە لىڭشىتىپ باشنى،
چالدى زەپ بىجىردىم كۆلكىدە چاۋاك.
بەردى ۋە بەزىدە ئېغىر خورسىنىپ،
كەچمىشلىك يىللاردىن تەربىيە - ساۋاق.

«خۇرسەن مەن، — دەپ دۇردان تۆكتىلېۋىدىن،—
جۇڭخۇادا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن.
تۆت گۈلدىن چاھارباغ قۇرماقلىق ئۈچۈن،
يۈكسەككە ئىنتىلىش - يۈزلىنىشلەردىن.

بولىدۇ ھەر يىلىنىڭ ئۆزگىچە يۈكى،
شۇ ۋەجىدە كەلمىدىم مەنمۇ قۇرۇق قول.
ئەمنىمەن چەندانە يۈكلەر يۈدۈشنى -
جۇڭگولۇق ئارسلانلار كۆرىدۇ مەقبۇل...»

تىك تۇرۇپ ئىشەنچىنىڭ مۇنبىرىدە مەن،
سۆزىنى قەيت قىلىپ، يەنە گەپ ئاچتىم.
كۆزۈمدە ئىپتىخار ئوتى ۋىلىلداپ،
كەۋسىرى بۇلاقتەك ئۇرغۇدۇم - تاشتىم:

«يۈك ئېغىر،
يول قىيىن،
سېپىمىز گىگانت،
پارتىيەم — يەر - كۆكتە رولچى - نىجاتكار.
ئانىجان دىياردا مىللەتلەر ئىناق،
ئەل - خەلقىم مىسلىسىز باتۇر، ئىجادكار...

ۋەتىنىم ھاۋاسى — دىللار ئارامى،
قانۇنى - تۈززۈمى ھەممىگە مىزان.
كەڭ يايغان ئېتەكنى ئىمكان ئاسمىنى،
بىر مىليارد... كۆڭۈلدە بىر ئىستەك - نىشان.

ئىجتىھات قىلىچى گويا كى چاقماق،
شىجائەت جورداشتۇر چاڭجياك ـ تارىمغا.
ئۈزايسەن،
ياسىنىپ،
سەنمۇ يېڭى يىل،
خۇش ئىككى قۇرۇلۇش پەسلى ئەپيامدا.»

مەمنۇنلۇق ھېسسىدە ئاپتاپتەك يورۇپ،
خوشلاشتى
مەن بىلەن
يېڭى يىل ــ دىلبەر.
نەزەرىم نۇرلىرى كېزىپ ئالەمنى،
ئاتلاندىم جەڭگاھقا تۇرۇپ تاڭ سەھەر.

1982 - يىل 12 - ئاي، تۇرپان.

## گۈزەل قەشقەر

ئىشتىكەنتىم ئەس ـ ھوشۇمنى بىلىپلا،
ئەزىزانە قەشقەر، سېنىڭ نامىڭنى.
كۆردۈم بىلىم كانلىرىغا كىرىپلا،
ئەسىرلەرنىڭ يازمىسىدىن شانىڭنى.

بىر دەريايى ئەزىم مەندە ھۆرمىتىڭ،
سەبىيلىكىم مەۋسۇمىدىن بۇ چاغقا.
پۈتكەچ ماڭا ئالتۇن قانات شۆھرىتىڭ،
كۆچكەن يۇلتۇز كەبى ئۇچتۇم سەن ياققا.

قويدۇم قەدەم ئىللىق قۇچاق ـ باغرىڭغا،
چوققىلاردىن يۈكسەك ئىززەت ـ سالامدا.
نەزەر سېلىپ تۆگەل ھەممە يانىڭغا،
تۇرۇپ قالدىم بولۇپ لال، ھەس ـ ھەيراندا.

كەشتە ـ زىلچا مىسالىق گۈل ـ چىمەنزار،
كوچاڭ،
باغچەڭ،
خەلقىڭ ھويلا ـ ئارامى.
پىرىلىدۇ مەستخۇشلۇقتا دىماغلار،
گۈپ ـ گۈپ پۇراپ غۇنچە ـ پورەك ئىپارى.

چىرايى گۈل، قولىمۇ گۈل خەلقىڭنىڭ،
گويا گۈلدىن يارالغاندەك قامىتى.
چېكەر ئىلھام زەر تارىنى قەلبىنىڭ،
كۆندە مېھنەت زوقى ئاشقان سائىتى.

تۇرمۇشىمۇ ئۆتەر گۈلنىڭ رەڭگىدەك،
ھالال ئەجىر تۇغۇپ نەپسى ـ پاراغەت.
ھەركىم ئۆمرى بۇلبۇل قونار بەرگىدەك،
دەردلىك يىغان چەكمەك ئەمدى بىھاجەت.

دىلى ئۇيغاق،

راۋا كۆرمەس بىر دەمگە،

قانائەتنىڭ بۆشۈكىدە يېتىشنى.

بېقىپ چولپان جۇپ كۆزىدە ئالەمگە،

ئويلار

يۈرەك ئوتلىرىنى چېچىشنى.

چەرخى بىلەن چۆگىلەپ ئۇلۇغ پەلەكنىڭ،

ماگىملاردەك قاينار بۇرچى يادىدا.

نۇرى ئۆچمەس بۈيۈك غايە ـ تىلەكنىڭ،

گۈللەر نۇسخا ئالار كۈنى ئالدىدا.

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» چىن سۆز بۇ،

تىرىش،

ئۆرلە،

زامان كېيىل، ئەي قەشقەر.

كومپارتىيە ـــ مەدەتكارىڭ، باشچى ئۇ،

شەپقەتى ـــ يول ـ ئىقبالىڭغا نۇر ـ مەشئەل.

1982 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر.

# بۇلۇت كارۋىنى

تىزىلغان ئاق بۇلۇت كارۋىنى قاتار،
يېزىنىڭ كۆز يەتمەس كۈمۈش يولىغا.
چۆمىدۇ بۇ ئىشتىن ھەركىم،
ئاق بۇلۇت —
زېمىندا ئۈزمەكتە دېگەن تۇيغۇغا.

ئاق بۇلۇت ئۈستىگە قونغان دېھقانىنىڭ،
غۇيۇلداپ،
تاراقشىپ،
چاپار ھارۋىسى.
تولغىنىپ،
تاراسلاپ
سوقۇلار بەزەن،
قولىدا دەستىسى — ئۇزۇن قامچىسى.

پەسىلگە باب — لايىق ئەتلى — كىيىمى،
بەستىگە ياراشقان ئەجەبمۇ بەلەن.
يۈز — مەڭزى يالتىرار مايلىق گىردىدەك،
ناخشىسى بۇلبۇلنىڭ ئۈنىدەك لەۋەن.

ھارۋىدا ئويناقلاپ ماڭغان ئاتلىرى،
تۇلپاردەك چىرايلىق،
يورغا ۋە ئۇچقۇر.
مويلىرى پارقىراق،
بېلىقتەك سېمىز،
كار قىلماس ئاڭا جۇت، قار، بوران، يامغۇر.

يەتكۈزۈپ مول ھوسۇل — ئامەتتىن خەۋەر،
شىۋىرلار قۇلاققا كۆزنىڭ سەلكىنى.
دېھقانىنىڭ دىل - كۆكسى شاۋقۇنلۇق دېڭىز،
ئۈزىدۇ ئۇنىڭدا خۇشلۇق يەلكىنى.

ئۇرچۇققا يۆگەلگەن مەشۇت يىپلاردەك،
چۇلغىغان قەلبىنى ۋەتەن - ئەل نەپىئى.
غايىلىك تاڭلارنىڭ ئۇپۇقلىرىغا،
تەلپۈنۈپ
ئىشەنچتە قويۇلار مېھرى.

ھەرىكىتى چاقماقتۇر،
سېپتىشتا بەس - بەس،
دۆلەتكە ئاق بولۇت —
ئاپئاق پاختىنى.
شاد - خۇرام
يىگىتلىك تويى بولغاندەك،
ۋەزىپە - ئەھدىدىن چىقىپ قايتقىنى.

1982 - يىل 10 - ئاي، تورپان.

## دۇكـانـدا

شەھەرنىڭ ماگىزىن - رەستىلىرىدە،
قىزىغان يەكشەنبە سەيلىسى سودا.
مەپتۇنلۇق دەملىرى يۈرەككە مېھمان،
كۆچۈپلا كەلگەندەك گۈل ھايات بۇندا.

كىشىلەر دولقۇنى ئاراشلىرىغا،
سىڭىپلا كەتتىم مەن بىر تامچە سۇدەك.
سالامۇ تەزىملەر،
سىردىشىش، تەكلىپ،
يورۇتار كۆڭلۈمنى گوياكى نۇردەك.

مال ئېلىش كويىدا تۇرسام،
توساتتىن،
يېنىمغا سىغدىشىپ كەلدى ئەر - ئايال.
تۇرقىدىن بىر ئۆيلۈك — يولداشلىقىنى،
پەملىدىم دەرھاللا ئۆتمەستىن ھايال.

بىر كاللەك پۇل ئېلىپ ھەميان - يانچۇقتىن،
خوتۇنى قولىغا تۇتقۇزدى ئېرى.
خۇرجۇنى قويۇقلۇق پوكەي ئۈستىگە،
ھەر قىسما بۇيۇمدا كۆزىنىڭ قىرى.

ئېچىلدى ئۇزاقتىن
چەشمىسى تىنغان،
بۇلاقتەك بىردىنلا ئۈنى - زۇۋانى.
باشلىدى سۆزىنى: — ھە، خوتۇن، — دەپلا،
چېھرىدە ھۆكۈمران شادلىق جەۋلانى.

— ئال،
تاللاپ،
ئۆزۈڭگە،
بالىلارغىمۇ،
چىرايلىق رەخت — پىششىق،
كىيىم - كېچەكتىن.
ھېلىقى چاغلاردەك بولۇپ ناتىۋان،
ئەندىشە ئەيلىمە پۇل ۋە پىچەكتىن.

سورىدىم بۇ ئاكام ھالىنى ئاخىر،
زەبەردەس بەستىگە كېلىپ مەستلىكىم:
— ھەي، ئۇكا، تونۇشتۇق بۈگۈن سىز بىلەن،
ئىچىمدە بەك تولا دەيدىغان گېپىم.

ئۆتكەندە
قەرزدارمەن
دىلىمدا زەرداب،
ئىشلىسەم كۈن - تۈنى يىقتۇر ئىشىنچا.
ئۇستىباش جۇل - جۇلدۇر،
نە بولسۇن ئۆيدە،
يىغىراق بىر كىگىز،
كۆرپە - يىپىنچا...

ئەمدىچۇ، تۈزەلگەچ ئادىل سىياسەت،
قايتىلاپ كەلگەندەك بولدى بۇ ياشلىق.
تەرلىرىم بەھرىدىن ھۆددە يەر سىخىي،
ئېغىلدا چارۋا مال،
ساگدا لىق ئاشلىق.

ئۆي ـ جايمۇ ئازادە،
بىساتى تولۇق،
كارامەت ياراشتى رەڭلىك تېلېۋىزور.
ئۇنچىلا كېچىكمەي ئالىمەن تېخى،
ئات ـ ساپان ئورنىغا قاۋۇل تراكتور.

بەش بالام ئۆسمەكتە نوتىدەك ساغلام،
مەكتەپنىڭ باغچىدەك ئاۋات قوينىدا.
زامانغا يارىشا ئىككىمىزمۇ ھەم،
چىقاردۇق ساۋاتنى كەچكى كۇرسىدا.

× ×

ــ ھاجەتلىك نەرسىلەر ئېلىنىپ بولدى،
خۇرجۇننى ئاچسىلا...، ــ دېدى ئايالى.
پىركازچىك چوتىغا ياغدى بەرىكەتمۇ،
توپتوغرا چىقىپ ھەر ھېساباتى سانى.

خوشلىنىپ ئۇلار تېز ماڭدى ئىشىككە،
خۇرجۇننى ئاغزىچە چىڭداپ ـ توشقۇزۇپ.
ئارقىدىن
ياخشى كۈن ــ
ئامانلىق تىلەپ،
پىركازچىك ھەمدە مەن قالدۇق ئۇزىتىپ.

ئېگىمدا مۇشتاقتۇر پىكىرنىڭ قۇشى،
دېھقانىنىڭ تۇغۇلغان ئالتۇن تېگىغا.
شەپەقتۇر
ئەجىردىن قەۋەتلا بېيىش،
ئاپىرىن،
مۇبارەك ماڭغان يولىغا.

1982 - يىل 12 - ئاي، تۇرپان.

## ئەينەك

زەپمۇ چىرايلىق سۈزۈك ئەينەكنىڭ،
يۈزىنى غۇبار باسىدۇ بەزەن.
كۆرسەتەلمەيدۇ ئاڭا باققاندا،
كىشى چېھرىنى ئوپئوچۇق - ئەينەن.

بولسا گەر ناپاك ئىنساننىڭ قەلبى،
چىرمىلىشىدۇ ئىللەتلەر بىلەن.
لەۋزىدىن «گۈل» دەك سۆزلەر ياغدۇرۇپ،
ئىش - ئەمەلىيدىن ئۈندۈرەر تىكەن.

1983 - يىل 1 - ئاي، تۇرپان.

## مەردلەر يۈرىكى

شۈركۈنۈپ جىم قىلماس
مەردلەر يۈرىكى،
باسقاندا تاغ سۈپەت مۇشەققەت ـ تەسلىك.
يۈرىكى كاۋاپتەك پۇچۇلار لېكىن،
دوستىغا
ياغقاندا
پالاكەت ـ نەسلىك.

1983 ـ يىل 1 ـ ئاي، تورپان.

## نۆۋەتچىلىكتىن خاتىرە

ئۇزاتتىم
نۆۋەتچى ئۆيىدە تۈننى،
كەلمىدى ھېچ يەردىن بىرەرمۇ خەۋەر.
تاڭ بىلەن ئويغاندى ھويلا ـ ئىمارەت،
بوۋاقتەك تىپتىنچ ئۇخلاپ بىخەتەر.

تۇردۇم مەن
مىڭ كۆزدە پاسبانلىقتا،
نۇر يۇدى يۈزۈمنى شادىمانلىقتا...

1983 - يىل 2 - ئاي، تۇرپان.

## زەمزەم

(توقسۇن «قىزىلتاغ» سۇ ئامبىرىغا بېغىشلايمەن)

ئەلمىساقتىن كىشىلىك دۇنيا يۈزىدە،
ياراتقۇچى ئەمگەكتۇر،
(يوقنى بار قىلىپ).
ساپ ئەجىرنىڭ ھەممەتلىك سەمەرە ۋەسپى،
نادىر گېمىن — قوشاقتەك يۈرەر تارقىلىپ.

× ×

مەغرىبىدە يۇرتۇمنىڭ گىرەلىشىپ تۈز،
ھال رەڭ يوپۇق يايقان تاغ تىزمىلىرى بار.
ئېتى - ئىسمى «قىزىلتاغ» جىسمىغا لايىق،
رەسساملارنىڭ بوياقلىق سىزمىلىرى بار.

سۇ ئامبىرى ئالدى جاي بۇ تاغ قوينىدىن،
بىر زىبانىڭ ئەگىلگە چېكىلگەن گۈلدەك.
نە ئامباركى،
كۆرۈنەر ھەر كىم كۆزىگە،
يارىشىملىق سىياقى تۇتىيا گۈلدەك.

ساھىلدا كۆچەتلەر ئاينىپ بۈككىدە،
زەمزەم ئېقىن قېتىغا تاشلىشار سايە.
سورۇن تۈزۈپ ئەۋرىشىم نوتا - شاخلاردا،
قۇش - قاناتلار سايرىشار سۆزلەپ ھېكايە.

قايچىلىشىپ ھەر ياققا سويلار بىتىنىم،
موكىسىدەك باپكارنىڭ سانسىز بېلىقلار.
چەتتىرەكتە لەپەڭشىپ تەۋرىنەر يېنىك،
سىم - زەنجىرگە باغلانغان كېمە - قېيىقلار.

قانىتىنى پەرلىشەر شۇڭغۇپ - تارىنىپ،
غاز - ئۆردەكلەر غاقىلداپ ئەركىن - بىمالال.
تۈنلىرىدە قىش - يازنىڭ تۈنەيدۇ بوندا،
ئۆزگە جايغا كېتىشنى قىلماستىن خىيال.

سۇ بېتىگە چاچىدۇ ئالتۇن تەڭگىلەر،
سارىيىدىن كۈن - قۇياش ئۇچۇملاپ چەندان.
زۇمرەت ئەينەك ئىچىدە چېھرىنى كۆرۈپ،
تەبەسسۇملار تارىتار ئاي، يۇلتۇز - چولپان،

باش كۆتۈرسە شۇرقىراپ شامال - بورانلار،
مىنگىشىدۇ دولقۇنلار بىرىنى بىرى.
يۇيۇلىدۇ بۇژغۇننىڭ يۇمشاق تىلىدا،
ئالا قالماي سېپىلدەك قاشنىڭ بەل - قىرى.

ساز چېلىشتىن توختىماس شارقىراتمىسى،
ئۆيۈل تاشلار تىزىلىپ بولۇپتۇ پەردە.
ئەسلىتىدۇ تونىلنى تەشمە - ئېرىقى،
مەنبە - بېشى تۇرىدۇ كۆز يېتىم يەردە.

گۈل - نەقىشلىك شىپاڭنى قىلىپ كۈنلۈكى،
سۇ چۈشۈرگە — توسمىسى تۇرار چوقچىيىپ.
تەپچىرىمەس ھېچ يەردىن بىرەر قەتردمۇ،
قاچىلانغان سۇ قانچە كەتسە ئۇلغىيىپ.

بەزى مەھەل بۇلۇتلار چۆكۈپ پىنھانغا،
زەڭگەر ئاسمان شېشىدەك كېتەر سۈزۈلۈپ.
سۈرۈلىدۇ ياش تۆكمەي جەنۇبىي ياققا،
كەلسىمۇ گەر گاھىدا دەۋرەپ - تۈرۈلۈپ.

زېمىن - كۆكنى كۆيدۈرەر ئوت تىنىق ھاۋا،
تومۇز - يازدا يېلىنجاپ پىژقىرىن ئاپتاپ.
بەرگى سولۇپ زىرائەت، ئېكىن - گىياھىنىڭ -
تىلى قۇرۇپ، لەۋلىرى يېرىلار چاك - چاك...

بۇ چاغ - بۇ دەم بىلىنەر سۇنىڭ قەدرى،
يارىلانغان ئادەمگە زۆرۈرى قاندەك.
كۆرۈنىدۇ دېھقانلارغا سۇ ئامبىرىنىڭ،
ئابىھايات تامچىسى ئەزىز بىر جاندەك.

ئېچىلغاندا پەيتىدە توسما قاپقىقى،
سۇلار كۈمۈش يىلاندەك ئويناپ كېلىدۇ.
سېمونت ئېرىق - ئېچىقتىن تارقاپ باراۋەر،
چاڭقاق ئېتىز - قىرلارنى بويلاپ كېلىدۇ.

يىلتىز ئاغزى يېتىشىپ تەشنالىق سۇغا،
ھەر كېلىشتىكا - ھۆجەيرە كۈلىدۇ ياشناپ.
پاتماي قېلىپ چاناققا مەرۋايىت دانلار،
بەرىكەتلىك خامانغا كېلەر توي باشلاپ...

× ×

تەقى - تۇرقى تەڭنىدەك جىراغا يۇرتۇم،
سۇ ئامبىرى قۇرۇشنى قىلىشقان ئارمان.
دەتالاشلار پىلتىسى ئوت ئېلىپ ئۇزاق،
«يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىپ» تۈزۈلگەن پىلان.

يەلكىنىنى جۈرئەتنىڭ يايدى پەرھاتلار،
جاسارەتنىڭ ئۇچقۇنلۇق دېڭىزلىرىدا.
ئارزۇ ئىشقى تېپىشتى رېئاللىق بىلەن،
جوتۇ - مېتىن، كۈرەكنىڭ تەگكەن ئىزىدا.

ھېكمەت — بىلىم كۈچىدە قىلدى ئون يىل جەڭ،
پۈكۈپ كۈرمەك جاپانىڭ تىزى - بېلىنى.
ئاققۇزۇپ قۇم - تاشلىقتا قۇتلۇق قانۇتەر،
چېچەكلەتتى رەڭ بېرىپ يۈرەك ئەھدىنى.

سامان يولى كۆچۈپلا كەلگەندەك گويا،
ئاسما يۇلتۇز — چىراغقا تولدى ئېتىكى.
سەلتەنەتلىك سەپ تۈزۈپ تۇرخۇن ئورمىنى،
تاڭلا - ئەتە ياڭرايدۇ زاۋۇت گۈدۈكى.

× ×

كۆجۈم بوستان يېزىدىن قالمايدۇ ئىزنا،
تەبىئەتتە - ئىقلىمدا چۆلدەرەپ سۈسىز.
ئۆچەر ئىنسان نەسلىنىڭ ئۆمۈر شاملىرى،
هاياتلىقنىڭ كېپىلى — ئاش - ئوزۇق، نۇرسىز.

باقار خۇرسەن - شادلىقتا سۇ ئامبىرىغا،
كادىر، تېخنىك، ئىنژېنېر، چارۋىچى - دېهقان.
تىنچ - ئامانلىق دېمىنى يار ئېتەر ئاڭا،
مەزمۇت كۆكرەك تېمىنى قىلىپ گاڭ قالقان.

جەزىبىدار سۈرەتتەك ئەي، سۇ ئامبىرى،
زامانلىشىش ئېتىگىنى
بەيگىلەرگە سال.
مەرغۇللىتىپ دولقۇنىڭ تارى سازىنى،
مەئىشەتلىك تاڭلارغا كۈيچى بولۇپ قال.

1983 - يىل 2 - ئاي، توقسۇن.

## ئۆتمىسلا

بەرھەق - دۇرۇس تەبىئەتنىڭ قانۇنى سانىمىز،
يىللار ئۇزۇن،
ئۆمۈر قىسقا،
ئالەم پايانسىز.
قالماس تارىخ ئۆكۈنۈشنىڭ ھەسرەت - داغىدا،
ئۆتمىسلا
ئىنسان - ئەۋلاد نامۇ نىشانسىز.

1983 - يىل 2 - ئاي، تۇرپان.

## كەلدىم

كەلدىم بۈگۈن
ئاڭ، دىلىمغا يەن — قورال ئېسىپ،
پەدەرلەرنىڭ شەپەق رەڭلىك ئىزىنى بېسىپ.
رازىدۇرمەن
باش قويغانغا
قىلىپ چۆللەردە،
خەلقىم - ئەلگە بەختلىك دەم بولسىلا نېسىپ.

1983 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

## بىلدىم

ئومۇمىي نام ـ ئۇقۇم — «كۆچەت» دېگەن سۆز
ئەماكى كۆپ ـ تولا تۈرى — خىسلىتى.
تىككەندە ئەزىزلەپ ئوخشىماس يەنە.
تۇتۇش يا تۇتماسلىق تەقدىر ـ قىسمىتى.

كۆچەتلەر تىكمەكلىك سانىلار ھېكمەت
ساۋابلىق بابىنىڭ بېتى ـ قۇرىدا.
چەۋەنداز بۇ جەڭدە قېرى ـ ياش ـ گۆدەك،
گۈل باھار تېگىنىڭ
لەززەت ـ زوقىدا.

يامرىتار زېمىنغا نۇر دەرياسىنى،
ئۇپۇقتىن خۇش پېئىل قۇياش جىلمىيىپ.
تاۋلىنىپ بولكىدەك يۇمشىغان تۇپراق،
قىشچە چويۇندەك قاتقان توڭ ئېرىپ.

پۇراقلار توشقان غۇر ـ غۇر شاماللار،
ئۆتىدۇ ئەركىلەپ، يۈزۈمنى سىيپاپ.
كېلىمەن جۇشقۇنلۇق سەپنىڭ ئالدىدا،
كۈمۈش رەڭ كۈرەكنى مۈرەمگە تاشلاپ.

ئىش ئورنى بەش قولدەك بولدى ئاپئايدىڭ،
باغرىنى كەڭ ئېچىپ ھەممىگە — ماڭا.

پۈركىنىپ ئاپئاق شىر، قۇرۇق يانتاقتا،
ياتاتتى لۆمشىگەن زېيكەشلىك دالا.

قەلەمچە كۆچەتكە چۈشۈپ نىگارىم،
چاقىندى ئويۇمدا سوئال چاقمىقى.
«نە سەۋەب تىكىلەر يۇلغۇن مۇنچىلىك،
خالارمۇ بۇ يەرنىڭ باش ۋە ئايىغى؟»

باغلانغان كۆچەتنى قىسىپ قولتۇققا،
سول ئېلىپ خىيالچان ئىشنى باشلىدىم.
كۆكلۈشىپ قەدەمدە تىكىپ بىر تالدىن،
ئارقامۇئالدىمغا نەزەر تاشلىدىم.

ئىلدىنار پات - پاتلا كۆزۈم قىرىغا،
كىملەر بىر چاغلار تىككەن كۆچەتلەر.
ۋادەرىخ، قۇرىغان بولۇپ بىر كۆتەك،
كۈلەلمەي «تۇتقىدى» — دېگەن تىلەكلەر.

ئۇچراتتىم توساتتىن بىر تۈپ يۇلغۇننى،
چۆللۈكتە چىنارغا يولۇققان كەبى.
ئاھ، تېزدىن تەمشىلىپ بىخلار يېرىشقا،
ئىرغاڭلار يىدىكتەك تۈز قويۇق شېخى.

ئېچىلدى يەشكەندەك تۈگۈن - بوپىنى،
يۇلغۇندىن كۆچەتلەر تىكىشنىڭ سىرى.
يۈرۈدى ۋاللىدە تېپىپ قانائەت،
ئەمەلىي جاۋابتىن سوئالىم چېھرى.

دىلىمدا سۆيۈنۈش تاشقىنى ـ مەۋجى،
قارايمەن قاتارى سانجاق كۆچەتكە.
تەسەۋۋۇر ـ قىياسىم تۈزلەڭلىكىدە،
تۇرار ئۇ باغجانلاپ، تولۇپ چېچەككە.

كۆككە بوي تارتىسەن ياشناپ بۈككىدە،
تاللىماي ئۆزگىچە شارائىت ـــ يەر ـ جاي.
ياشايسەن ھالاللىق تەختىدە شاھتەك،
يالۋۇرۇپ، ۋايسىماي، تەمەننا قويماي.

قەددىڭنى پۈكەلمەس قايىرىپ ـ سۇندۇرۇپ،
جۇدۇنلۇق شىۋىرغان، قۇم ـ قۇيۇن پەنجى.
كائىنات تونۇردەك قىزىغان دەمدە،
يەتمەس ھەم جىنىڭغا چاڭقاقلىق دەردى.

يارالغان يىلتىز، غول، بەرگى توقۇلماڭ،
پىداكار ـ مەردلىكنىڭ خاسلىق سۈيىدە.
تەرىپىڭ ياسايدۇ ئۇچقۇنلۇق قاينام،
ئوت يۈرەك شائىرنىڭ ئەشئار ـ كۈيىدە.

ئەي، يۇلغۇن
ئۆمۈرلۈك سىڭار قېنىمغا،
سەندىكى باتۇرلۇق ـ جەسۇرلۇق ـ چىدام.

ئاقلانسا
قەرز - بۇرچۇم
كۇرەش - خىزمەتتە،
— «يارايسەن، ئوغلۇم، — دەر ۋەتىنىم - ئانام.

1983 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

## كۆكلەم سەھىرى

پاھ،
چىرايلىق نەقەدەر كۆكلەم سەھىرى،
قەلىمىمدىن تۆكۈلەر ئىلھام جەۋھىرى.

ئۇپۇقتا كۈن ئوينىتار شەپەقتىن بايراق،
تاۋلىنار كۆك، تاغ - ئورمان قىزغۇچ يالتىراق.

بىرەر خۇشلۇق يۈرەككە سۈپسۈزۈك ھاۋا،
ئەركىلەيدۇ دالادىن قوزغالغان سابا.

ئۇسسۇل ئوينار دەل - دەرەخ شېخى - نوتىسى،
سۇ يۈگۈرۈپ يوغىنىغان بىخى — قۇببىسى.

ئېرىقلاردا ئەگىزنىڭ شاۋقۇنــى - سازى،
ئاسمان - ئەرشتە مۇقامچى تورغاي پەرۋازى.

دىماغ بويلار ئەكىنگەن نەم تۇپراق ھىدى،
بۇ تىرىلغۇ پەيتىنىڭ بەلگە ـ شاھىتى.

قاتار ـ قاتار ئۆيلەردە ئىشلار ئالدىراش،
خۇددى تويغا تەرەددۇت قىلغانغا ئوخشاش.

تۇلۇق ـ سۆرەم، بۇقۇسا تەقلەنگەن تازا،
پارقىرايدۇ مايلانغان سىپىالكا راسا.

تاغارلاردا ئۇرۇق ـ دان يۇقىرى سورتلۇق،
ئۆتكەن قانچە سىناقتىن ـــ شەكسىز ـ گۇمان يوق.

تۇلۇملاردەك ئات ـ ئۆكۈز كىشنەپ ـ مۆرەيدۇ،
ھە، دېسىلا يەر تىلغاپ، ھارۋا... سۆرەيدۇ.

نەپەس ئېلىپ تراكتور گۈپۈلدەر تەكشى،
زاپچاسلارنى كۆزىتەر رولچى ـ سىردىشى.

ماگدى ھەر كىم سەپ تارتىپ ئېتىز ـ يېرىگە،
يېتىپ ئالتۇن ۋاقىتنىڭ باھا ـ قەدرىگە.

چوغ قەلبلەر ئىستىكى ـــ ھوسۇللۇق خامان،
قوشسا تۆھپە دۆلەتكە، قالمايدۇ ئارمان.

كۆكلىمىڭگە مۇبارەك، ئەي، دېھقان ئاتا،
ئىشىڭ قۇتلۇق بولغاي ھەم تۇرمۇشۇڭ كاتتا!...

1983 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

## تام قوشنا

تۈن نىسپى،
تىمتاسلىق ئىلكىگە پاتقان،
بالىنىستىنىڭ پاكىز ھەر بىر ياتىقى.
ئاڭلىنار كارىۋاتتا ياتقان ئاغرىقنىڭ —
راھەتلىك ئۇيقۇدا ئالغان تىنىقى.

كۆز يۇمماي ياتاتتى خەستە جان — گەۋدە،
نېچۈندۇر ئۇي سۈرۈپ، تۈرگەن قوشۇما.
ئۆرۈلۈپ ئوڭ — سولغا، گاھى ئاھ ئۇرۇپ،
دەر ئىدى پىچىرلاپ: — ھالىم مۇشۇما!؟

ئېگىشىپ ئايالى سورىدى ئاستا:
— ھېلىلا ياخشىمەن، — دېگەنىدىڭىز.
نېمىشقا بولسىز شۇنچە بىئارام،
ئېيتىڭچۇ، ئاغرىيدۇ قايسى يېرىڭىز.

ئېرى سۆز باشلىدى سىلاپ ـ ئۇۋۇلاپ،
ئايالى قولىنىڭ ئالقانلىرىنى:
— يىراقتىن مېنى دەپ كەلدىڭ بايىلا،
بىلىمەن دەرد ـ جاپا تارتقانلىرىڭنى.

ئەينەكتەك روشەندۇر ماڭا شۇ تاپتا،
ياز پەسلى ئورمىنىڭ ئالدىراش چېغى.
مۈشۈكتەك تاتىلار يۈرەك ـ باغرىمنى،
غەملىك بىر سۇئالنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقى.

قانداقچە يىغارسەن مەنسىز ـ يېگانە،
ئالتە مو يەردىكى بۇغداي ـ باشاقنى؟
سۇغىرىپ ئورنىنى، ئاغدۇرۇپ يۇمشاق،
قانداقچە تېرارسەن ئېگىز قوناقنى؟

تازىمۇ بىر كەمدە قېرىشقاندەكلا،
يىقىتتى بۇ كېسەل ـ پېشكەللىك مېنى.
ۋاقتىنچە بارلىق ئىش قالدى ساڭىلا،
كەتكۈزۈپ قويمىغىن قولدىن پەيتىنى.

قىلمىغىن مېنىڭدىن قىلچە ئەندىشە،
دوختۇرلار قارايدۇ ماڭا ھەمىشە، —
دېدى ـ دە، ياش ئالدى كۆزىگە بىتاب:
— جانانىم، سەن تېزرەك قايتقىن مەلىگە!

× ×

ئاش ۋاقتى ئايالى قايتىپ ئۆيىگە،
ئۇرغاقنى ئالدى - دە، ئۈچتى ئېتىزغا.
كۆزلىرى چۈشكەندە ھەيران قالدى ئۇ،
چەۋەنداز ئەر - ئايال، ئوغۇل ۋە قىزغا.

يىگىتلەر سول يېرىپ ماڭسا كاراپتەك،
ئارقىدىنلا كېلىنلەر بارار سۆڭدىشىپ.
ھازىرلار باغلىقنى بوۋاي ۋە مۆماي،
ھاۋالىق سايىدە قىزغىن مۆڭدىشىپ.

چىپ تۇختاپ
شامالدەك تېز كەلگەن ئايال،
ھاڭ - تاڭلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدى جىم.
ئۇرۇلۇپ تۆگەشكە ئاز قاپتۇ بۇغداي،
ياردەمگە ئۇلارنى ئەكەلگەندۇر كىم؟

چۈشكەندە كۆزلىرى قېرى بوۋايغا،
توۋلىدى شادلىقتىن: — نۇراخۇن ئاكا!
— ھە، — دېدى نۇر ئاكا، — زەۋەرخانمۇ سىز،
ئوڭلىنىپ قالدىمۇ تۇرداخۇن ئۇكا؟

— ئۇ راستتىن شىپالىق تېپىپتۇ خېلى،
«سالام دە»، — دېدى ئۇ، تونۇش - بىلىشكە.

قانچىلىك رەھمەتلەر ئوقۇسام بولار،
سىلىنىڭ ئۆي ئىچى قىلغان بۇ ئىشقا!

— تۇرساق بىز قىل سىغماس يېقىن تام - قوشنا،
شۇمۇ گەپ بولدىمۇ سىڭلىم زەۋەرخان.
بىرلىكتە باي بولۇپ تاپىمىز روناق،
ئاشۇنداق ئۆگەتكەن پارتىيە، دەۋران!...

1983 - يىل 6 - ئاي، تۇرپان.

## چۆلدىكى قۇدۇق

ئۆتتىلەر چاڭقىغان كارۋان — سەيياھقا،
قەدرى قانچىلىك بىر يۇتۇم سۇنىڭ.
ھۆمۈدەپ چۆللۈكتە يېرىلار چاك - چاك،
لەۋلىرى قۇرۇشۇپ كويىدا ئۇنىڭ.

تارتىپ گۆر ئازابى يولچى - سەپەرچى،
يەتسە گەر نىمجاندا قۇدۇق - بۇلاققا؛
قىيغىتىپ خۇشلۇقى تومۇرى ئۆززە،
ئايلىنار تىنىقى
شېئىر - قوشاققا.

كەزگەندە يۇرت ئىچى — ياقا - چېتىنى،
بۇ كەچمىش - قىسمەتتىن بولمىدىم خالىي.
يول ئالدىم تۈنجى رەت قىيىلغاندا چۆش،
ئۇقايچۇ قانداق دەپ دېھقانىنىڭ ھالى.

ياتىدۇ ئالدىدا قوڭغۇر رەڭ شورلۇق،
چۆل تاغقا قەدەر ئۇ يېيىپ يەڭ - ئېتەك.
تەگسە پۇت تاراڭشىپ تۇرۇشلىرىدىن،
تەس كېلەر يېمەكى سۆركەلسە ئېكەك.

ئۇچراپمۇ قالىدۇ ئۇ يەر - بۇ يەردە،
ساناپلا ئالغۇدەك يۇلغۇن، كۆك يانتاق...
قاچىدۇ ئۆركۆپ يات تىۋىش - سادادىن،
دىلك قىلىپ قۇلاقنى توشقانلار يىراق.

جاڭگالنىڭ قاناتلىق نەغمىكەشلىرى،
بەرگەن راي - مەيلىنى سايە - پاناھقا.
پۇرۇلداپ ئۇچۇشلار تۈيۇلۇپ ئېغىر،
ھە دېسە ئېتىلماس كۆككە - ھاۋاغا.

ئەجدىھا كۆچىنىپ پۆركۈگەندەك ئوت،
كۆيدۈرەر ھارارەت يۈزنى پىژىلداپ.
ئاچچىق تەر ئېقىنى ئېرىقلىرىدا،
چاپلىشار بەدەنگە كۆڭلەك چىپىلداپ.

تەشنالىق كىزچىنى كۆرسەتتى ئاخىر،
بىر باغلام پاختىدەك يېنىكلەپ سۇدان.
تىقىلىپ ئاغزىمغا ئۆپكە - نەپەسىم،
پۇتقا تاش ئاسقاندەك يۆتكىلەر ماڭدام.

سۇس - غۇۋا كۆرۈنگەن دەرەخنى كۆزلەپ،
ياردا جەڭچىدەك كېتىپ بارىمەن.
بېلىمدە ئۈمىدنىڭ ئالتۇن كەمەرى،
يۇلتۇزدەك چاراقلاپ روشەن يانىمەن.

ۋاھ،
يېتىپ بىر كەمدە دەرەخ تۈۋىگە،
بىر بۇرۇۋاي قۇدۇقنى كۆردۈم نېرىدا.
نە بولمىش قۇدۇق ئۇ،
سەزدىم ئۆزۈمنى،
تۇرغاندەك بىر زەمزەم بۇلاق يېنىدا.

بەستىمنى داق يەرگە تاشلاپ گۆپپىدە،
قۇچاقلاپ سۆيدۈم مەن قۇدۇق قېشىنى.
ياپراقتەك تىترەپ پۇت - قولۇم - كۆكسىم،
تۆكتۈم كۆز چاناقنىڭ مۆلدۈر يېشىنى.

چۆشەر سۇ يېقىملىق ئاھاڭ - رىتىمدا،
تۇرۇبا ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ تېشىپ.

بۆژغۈنلار تىپىدىن چاچرىغان ئۈنچە،
ئۇچقۇدار مەگزىمنى قىرغاقتىن ئېشىپ.

تەگكۈزۈپ لېۋىمنى سۈنىڭ يۈزىگە،
سىمۇردۇم ئاز ـ ئازدىن دەمـمۇدەم توختاپ.
كۆكەردى سولغان جان دەرىخىم بەرگى،
قەترىلەپ تېنىمگە قان بولۇپ تاراپ.

تېۋىـنىڭ شۈنچىلىك مۈزدەكلىكىدىن،
چىشلىرىم دەم تارتىپ كەتتى مىدۇرەپ.
بويلىغاچ تىلىمنى شېرىنلىك ـ ھۇزۇر،
ئىچكۈملا كېيىپ تۇرار تۆپى ـ تۆپىلەپ.

ئۆزىچە قاتارى ھالقىلار ياساپ،
تۈرۈلۈپ ئاققان سۇ زىلال — سۈپسۈزۈك.
يالتىراق تاشلارنىڭ ئاراشلىرىدا،
بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئوينار بەخۇدۇك.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ باقسام چۆرەمگە،
كۆرۈندى ئوت ـ گىياھ قاپلىغان دالا.
ئۈستىدە قۇدۇق ـ كۆل تۇرسا، ئاياغدا ـ
تۈماندەك يېيىلىپ ئوتلار قوي ـ كالا.

چۈشەندىم،
قۇدۇق ـ كۆل سۈيى بەھرىدە،
كېيىپتۇ تاقىر چۆل ياپيېشىل چاپان.

گۆھەر سۇ، بار سەندە
كۆرمىڭ خاسىيەت،
بىسىلار قايىللىق مۆھرۇم بەگۇمان.

بولسىمۇ بۇ ئوتلاق كىچىك كۆلەمدە،
يانىدۇ تەرىدىن ياشلىق - گۈزەللىك.
يىللارنىڭ ئىز سىلىپ ئۆتۈشلىرىدىن،
كىگىيەر ئورنىدا
بوستان - چىمەنلىك.

تۇرماقتا توغراقلار كۆلنىڭ بويىدا،
ئوتلاقنى ئارزۇلاپ قىلغاندەك كۆزەت.
شىلدىرلاپ قامەتلىك شاخلىرى ماڭا،
بىر تاتلىق سىزىمدا بىرەتتى رىغبەت.

ۋەتەندە ھەركىمنى سوئال - سوراقتا،
ئىقبالنىڭ پەرىسى كۈتمەكتە قاراپ.
ۋە لىكىن تاغارلاپ قۇپقۇرۇق سۆزدە،
بەرگىلى بولامدۇ بۇنىڭغا جاۋاب؟!

ئەھدىم شۇ:
خەلقىمنىڭ تەشنالىقىنى،
قۇدۇقنىڭ سۈيىدەك قاندۇرۇپ ئۆتسەم.
كۈن - تۈنلەپ زەپ ماھىر كەشتىچىلەردەك،
ۋەتەننىڭ باغرىغا رەڭدار گۈل چەكسەم.

× ×

سۇ ئالغاچ سۇدانغا تىكىلدىم بىر پەس،
خوشلىنىشىش نەزەردە قۇدۇقتا يەنە.
قەدىمىم شامالدەك،
مەنزىلىم دىغار،
قۇملۇقلار قوينىدا چايقىلار ئەنە.

1983 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## تىكىلىمەن

تىكىلىمەن
ئاشىقلاردەك بىقارارلىقتا،
ئوت شارىنىڭ ئۇپۇق يەرتىپ بالقىشلىرىغا.
ھاياتلىقنىڭ بەركاتىدۇر،
تال - تال زەر شولا.
كۆمۈلەر ئۇ
ئوتلۇق دىلىم
ئالقىشلىرىغا.

1983 - يىل 10 - ئاي، تۇرپان.

## بىزارمەن

يايرىماس دىل قاپاقسىز... چەللە - باراڭدىن،
پۈتەر قۇلاق زىڭىلداپ تاراك - داراڭدىن،
كارى چاغلىق ئۈنىڭمۇ،
بىزارمەن خويمۇ،
ئېغىزغا رەم
ئىجراسىز ۋەدە - پاراڭدىن.

1983 - يىل 11 - ئاي، تۇرپان.

## رەققاس

ئەزىز يۇرتۇم تەڭرىتاغىنىڭ چېچەك پەسلى باھار، رەققاس،
ۋەتەنىنىڭ قويىنىدا تاپتىڭ ئۆمۈرلۈك گۈلئۇزار، رەققاس.

تەبەسسۇم بىرلە قارلىغاچتەك قانات كېرىپ چىقىپ كەلسەڭ،
ھەسەن - ھۈسەن سىياقىڭدىن جۇلالىق نۇر تامار، رەققاس.

قىيا ئۇتلۇق بېقىشلىرىڭ ئېتىپ سۆيگۈ كامانىنى،
كۆڭۈللەر باغ - ئېرەنىدە قىلار خۇش چاغ شىكار، رەققاس.

بولۇپتۇ قەدىمىي سەنئەت ساڭا گويا بۇلاق ـ ئەينەك،
يېڭى ھەرىكەت ئىجادىڭ بىھېساب مەناغا يار، رەققاس.

ئۇسسۇلۇڭ بىرلە قوشتۇڭ سەن ۋەتەن ئابرويىغا ئابروي،
جاھان ئەھلى باھا ـ قەدرىدە تاپتىڭ ئېتىبار، رەققاس.

بۈيۈك سەنئەت كۆكىدە چاقنىساڭ چولپان بولۇپ مەڭگۈ،
قىلار ھېس جانجىگەر خەلقىم ئۆزىدە ئىپتىخار، رەققاس.

ئۆچۈپ كەتكەيمۇ تاشلارغا مۆھۈردەك چىڭ بېسىلغان ئىز،
يۈرەكلەر قېتىدا تۆھپەڭ يېنىپ ـ يالجىپ ياشار، رەققاس.

1983 ـ يىل 12 ـ ئاي، تۇرپان.

## خەزىنە

باغ ـ ۋاراندىن كېلەر خۇش بۇي ئۇچقان شامالدا،
بېتەر ھەر ئىش ۋىسالىغا توغرا ئامالدا.
تىرىك ئۆلمەس
خەزىنىدۇر
بىلىملىك ھەر زات،
قالمىسىلا كونا ـ يالغان روھى قامالدا.

1983 ـ يىل 12 ـ ئاي، تۇرپان.

# تاغلار قامىتى

بولۇنغاندا سۆز ئەگەر قامەت خۇسۇستا،
كۆزلىرىمدە نامايان تۇتاش تىك تاغلار.
خىيال ـ زېھنىم قۇشنى قاقتۇرار قانات،
يېتىپ ـ قوپۇپ
تاغمۇتاغ بويلىغان چاغلار.

تونۇشلۇقتۇر ئەزەلدىن ماڭا بۇ تاغلار،
تۇيغۇ قوزغار قەلبىمدە ئاققان شوخ سۈيى.
كېلىپ كەتسە كارۋاندەك كۆكلەم، ياز، كۈز، قىش،
ئاڭا لايىق ئەڭلىنى يەڭگۈشلەر بويى.

كۈلسە كۆكلەم قۇياشى،
غۇر ـ غۇر شاماالدا،
قار ـ مۇز ئېرىپ ئەگىزگە تولار جىرالار.
قارىغايلار تۇرۇشسا جېسەكچىلەردەك،
باش كۆتۈرەر
بىخ يېرىپ
چۈغلۇق گىياھلار.

هارارەتلەر چېچىپ ياز كەلسە ئەگەردە،
بوستان ـ باغقا ئايلىنار يوتا ـ قاپتاللار.

ياشناتسا تەن ـ يۈرەكنى
خۇش بۇي،
ساپ ھاۋا،
يايرار ئۇتلاپ قوي، يىلقا، بۇغا ـ مارالللار...

ئىز قوغلىشىپ كەلسە كۆز سالقىن نەزەردە،
يېشىلزارلىق ئىچىدۇ ئالتۇن بوياقلار.
شىلدىرلىسا خازاڭلار
ئويناپ ـ ئىرغاڭلاپ،
تاقاپ بېزەك قىراۋدىن چاقنار ياپراقلار.

ئارقىدىنلا كەلسە قىش ئېلىپ سوغ نەپەس،
تاغلار ئۈستى كۆمۈلەر كۈمۈش چېچەككە.
ئەينەكلەردەك پارقىراپ يۈكسەك چوققىلار،
ئوخشار گويا
ئاسمانغا قويغان ئىرەككە.

قىلىپ ئۈرنەك تاغلارنى يۈكسەم قامەت،
چېلىشقا باي يىللارنىڭ دوقال ـ ۋەھىمىدە.
نە ئارمان
ئەل ـ ئالەمگە
بەرسەم گۈزەللىك،
ئەمگەك خۇمار ئۆمرۈمنىڭ ھەربىر پەسلىدە.

1984 - يىل 1 - ئاي، توقسۇن.

# دېھقان

نۇرلىنىپ دەۋران بۈگۈن بولدۇڭ تولۇق ئازاد، دېھقان،
قۇت ـ نېسىۋەڭ ئۆز قولۇڭدا يايرىدىڭ زەپ شاد، دېھقان.

قاندۇرۇپ تەشنالىقىڭنى پارتىيەم پەرمانلىرى،
ئۆرلىشىڭگە پۈتتى قابىل جىلۋىدار قانات، دېھقان.

ئاچقۇچىدۇر باغ ـ ئېتىزدىن ھەسسىلەپ ئالماق گۆھەر،
دىل چىراغىڭ، كۈچ ـ مادارىڭ. ئىلمۇپەن، ساۋات، دېھقان.

كەڭ ئېتىز تال تال ئېرىقلار بولسا سۆيگەن شېرىنىڭ،
جان نىسار ئەيلەپ كۆيۈپ يانغان ئاڭا پەرھات، دېھقان.

باي بولۇپ ئەجرىڭ بىلەن، سۈرگىن ھاياتىنىڭ كەيپىنى،
چۈش ئەمەس، ئۈمىدىڭدا كۈندە ھاسىلى مۇراد، دېھقان.

ئۇلۇغ ۋە سولغا چۆرگىلىمەس ئەمدى سىياسەت گەردىشى،
يول ئېنىق، پارلاق، گۈزەلدۇر ئەتىكى ھايات، دېھقان.

قىر ـ ئېتىز — گۈل باغ سېنىڭ، ئامەت سېنىڭ، ئىقبال سېنىڭ،
تەر تۆكۈپ، گۈلدەك ياشاپ، ناخشاڭنى شاد ياڭرات، دېھقان.

1984 ـ يىل 2 ـ ئاي، تۇرپان.

## گۈلدەك ياشا!

كىچىكىڭدىن
نۇرلات ئەقىل پانۇسىڭنى،
گۈلدەك ياشا، پۈتۈن ياشلىق قامۇسىڭنى.
يەڭگىللىتەكلىك قىلىپ بىكار تېگىشمىگىن،
نائەھلىلەر كۆلكىسىگە نامۇسىڭنى.

1984 - يىل 2 - ئاي، تۇرپان.

## مەنبە

ئاق روماللىق تاغلار ياتار پارقىراپ،
ئۇنىدىن كەلگەن سۇلار تىنىماس شارقىراپ.
مەنبە ـــ ئانا،
مەنبە ـــ ھايات،
مۇقەددەس،
سۇسىز ئېرىق كېتەر قۇرۇپ - قاغجىراپ.

1984 - يىل 3 - ئاي، توقسۇن.

## ۋەزىپە ۋە مەن

ۋەزىپە ھارۋا،
مەن گويا ئاتمەن،
ئوقۇرنى ئايلىنىپ يۈرۈشكە ياتمەن.
مىجىلغاي
شوتىلار تەكتىدە تېنىم،
داۋانلىق يوللاردا دېسەم:
«ۋاي - داد» مەن.

1985 - يىل 4 - ئاي، تۇرپان.

## سانىسالىق

تۇرار چۆلدەك قاغجىراپلا ئۆمرۈك يوللىرى،
سانىسالىق ئۆز
كار - ئىشىگىنى زورغا - مەجبۇرى.
تەرلىرىگىدىن ئەھيا ھوسۇل
لەززىتىگە چۆك،
بىر كىم چايناپ بەرگەن نانىنىڭ بولماس ھۇزۇرى.

1984 - يىل 4 - ئاي، تۇرپان.

# ئانا مۇھەببىتى

مىڭ باھار تەپتىدەك بىلىنەر ماڭا،
يېقىملىق خوش ئاھاڭ — «ئانا» — دېگەن سۆز.
مۆلۈلدەپ جۇشقۇنلاپ ئاچقان ئەزەلدىن،
ئانىغا ھۆرمىتىم بۇلاقلىرى كۆز.

× ×

تۆرىلىپ باغرىڭدا،
تۆھپىكار ئانا.
«ئىڭگە»لەپ يەر سۆيدۈم — تۇغۇلۇپ تىمەن.
مۇبارەك تاڭ بىلەن بولدۇم ئۇلپەتداش.
چۆمۈلۈپ نۇرلارغا قۇچىقىڭدا مەن.

قانچىلىك قىينالدىڭ (ئۆزۈڭگە ئايان)،
كەلگەندە قاخشىتىپ ئاچچىق تولغاقلار.
سەن ئۇنتۇپ ئازابنى، باقىسەن ماڭا.
ياغدۇرۇپ چېھرىڭدىن كۈلكە - شادلىقلار.

گۇۋاھتۇر زاكىلاپ پەپىلىشىڭگە،
كېچىدە ئاي - يۇلتۇز، كۈندۈزىدە كۈن.
گۇۋاھتۇر بۆشۈكۈم تەۋرىتىشىڭگە،
«ئەللەي»لەر سىڭىشكەن ئۆي ئىچى پۈتۈن.

كۆكسىڭگە يېپىشىپ، ئەمسەم چوپۇلداپ،
سىيلايسەن بېشىمنى ياكى دۈمبەمنى.
ياتقاي دەپ پاكىز، يۇمشاق ـ راھەتتە،
تۇرسەن قۇرۇقداپ يۆگەك ـ كۆرپەمنى.

بەرگەن سۈت ـ ئوزۇقۇڭ دەرمان كىرچىدە،
بولدى پۇت، قول، تېنىم بۇدرۇق ـ ئاپئاق.
ئۆمىلەپ سىلجىشتىن تۇردۇم ئاياغقا.
يېتىلىپ جىمىكى ئەزايىم ساپساق.

سۆزلىسەڭ، مەن دوراپ گۇگۇرلاشلاردىن،
دەسلەپكى: «ئانا» ـــ دەپ چىقتى تىلىمۇ.
ئاق ـ قارا پەرقنى تونۇتقىنىڭچە.
ئەقلىدىن چىراغلار ياقتى تىلىمۇ.

پۈتۈمگە سانجىلسا تىكەن ـ چوماقلار،
ئالسەن ئاغرىتماي ئاسراپ ـ ئاۋايلاپ.
كۆرمىسۇن دەپ مېنى ئازاب ـ ھارغىنلىق،
يۈرسەن يوللاردا يۈدۈپ ـ ھاپاشلاپ.

ياتسام گەر گاھىدا مەن بولۇپ بىتاب،
بېشىمدىن كەتمەيسەن چېكىپ ھەسرەت ـ غەم.
كېسەلنى مەن ئەمەس، تارتقاندەك ئۆزۈڭ،
يادلاپلا كېتىسەن ئۆتكىنىچە دەم.

ئۇچاغدا ئاددىي رەخت،
ماڭا ئېسىلنى،
ھەر پەسىل، بايرامدا قويدۇڭ كىيدۈرۈپ.
كۆڭلىڭدىن خوش بولدۇڭ،
قالساڭمۇ ئاچ - توق،
تاپقاننى قىسىنىپ،
ماڭا يېدۈرۈپ.

كەپسىزلىك - شوخلۇقتىن تېرىسام جېدەل،
قىلدىڭ كۆپ تەربىيە،
ۋەزۇ نەسىھەت.
ياخشىلىق،
باتۇرلۇق يولىغا ئۈندەپ،
سۆزلىدىڭ قىسسە ھەم چۆچەك - ھېكايەت.

ئۈلگىلىك، ئۆمۈرلۈك ئۇستازىم بىلىم،
ئۆگەندىم سېنىڭدىن گۈزەل پەزىلەت.
ئۆگەندىم
شېئىردە،
ئېتىز - خامىندا،
سۆزۈڭدىن،
ئىشىڭدىن ئىلىم - مەرىپەت.

تىلەيتتىڭ
ساقلىقىم،
تەلەي - بەختىمنى،
شەپەقلەر شەلپىرى ئۇچقان سەھەردە.

«ئەمگەكچى» ئاتالدىم،
سۆيۈملۈك ئانا،
غالىبلار سېپىدە بۈگۈن شەرەپتە.

ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم ئۆتۈپ چاقماقتەك،
بالاغەت يېشىغا قويغاندىم قەدەم.
قارىسام،
ئەمدىچۇ بولۇپ قاپتىمەن،
ئۆي - ئوچاق،
پەرزەنتلىك ئورتا ياش ئادەم.

كەڭ ئېچىپ قوينۇڭنى
باقىسەن كۆكرەك،
سۆيۈنۈپ كېلىنىڭ،
نەۋرىلىرىڭگە...
شەپقىتىڭ چېكىنىڭ يوقتۇر پايانى،
يەتكۈسى ئۇ ئەۋرە - چەۋرىلىرىڭگە.

ئېلىپتەك قامىتىڭ
ئېگىلىپ يادەك،
چاچلىرىڭ ئاقارغان مەشۇت يىپ كەبى.
تور تارتقان قورۇقلار ئىزى يۈزۈڭدە،
سۇس - غۇۋا يانىدۇ،
كۆزۈڭ گۆھىرى.

شۇندىمۇ ئەمگەكتىن كەلدىڭ قول ئۈزمەي،
تەرك ئېتىپ
ھۇرۇنلۇق، ھاسا، ھېرىشنى.
ئىرغىتىپ تاشلىدىڭ يەلكەڭدىن يىراق،
سايىدەك ئەگىشىپ كەلگەن قېرىشنى.

گۈزەللىك بابىدا يارىتىڭ داستان،
قەلەم قىپ ئۆمرۈڭنى،
جاپا ـ مېھنەتتە.
ساقلىنار خاتىرەم بەتلىرىدە ئۇ،
ئالتۇندىن ئەتىۋار قەدىر ـ قىممەتتە.

ئايلىنار جىسمىمدە ھارارەت چېچىپ،
پاك، ھالال ئاپئاق سۈت، قىپقىزىل قېنىڭ.
غۇرۇرۇم،
دۆلىتىم،
ماياك ـ مەشئىلىم،
مەن ئۈچۈن بەخشەندە ھاياتىڭ ـ جېنىڭ.

ئەلنى دەپ كاۋاپتەك كۆيۈپ ـ پۇچۇلسام،
تۇرارمۇ باراۋەر ئەجرىڭ قەترىگە؟!
ئىزدەيمەن جاۋابنى زېھنىمنى ئۇچلاپ،
تەڭ كېلەر نېمىمۇ ئانا مېھرىڭگە؟!

مىڭ باھار تەپتىدەك بىلىنەر ماڭا،
يېقىملىق خۇش ئاھاڭ «ئانا» — دېگەن سۆز.

مۆلۈلدەپ جۇشقۇنلاپ ئاچقان ئەزەلدىن،
ئانىغا ھۇرمىتىم بولاقلىرى كۆز.

1984 - يىل 4 - ئاي، تورپان.

## ھايات

ھايات ــ شوخ ـ ناۋالىق دولقۇنلۇق ئېقىن،
سۇرئىتى ــ لاپىدە چاقنىغان چېقىن.
ھاياتتا ئىزدىنىش توختىمىسىلا،
گۈل ئىقبال ساھىلى كۆرۈنەر يېقىن.

1984 - يىل 4 - ئاي، تورپان.

## سۇزۇكلۇك لىرىكىسى

تەبىئەت ئارىلاپ ماڭغان كىشىدە،
خۇي - پەيلى ھاۋانىڭ قوزغايدۇ تەسىر.
گاھىدا ئادەمنى ئەيلىسە بىزار،
گاھىدا ئۆزىگە قىلىدۇ ئەسىر.

جۆنىدىم ناشتىدىن سوڭرە پىيادە،
شەھەردىن سىغىنغان يېزامغا قاراپ.
تەلپۈنۈپ ۋىساللىق شېرىن دەملەرگە،
يۈرىكىم ئۇينايدۇ
شۇنچىلىك يايراپ.

يولنى ئانچىكىم باسمايلا ئۇزاق،
قاپلىدى يەر ـ كۆكنى تۈتەك ـــ چاڭ ـ تۇمان.
بىردە ئاق ـ قىزغۇچ رەڭ،
بىردە تۇم قارا،
تۈس ئالاتتى ھاۋايى ـــ جاھان.

قېنى ئۇ يورۇقلۇق؟
قېنى ئاۋات يول؟
ئالدىمدا نېمە بار كۆرگىلى بولماس.
يېپىشىپ شور توپا كىرپىك ـ قېشىمغا،
ياشلىنىپ كۆزۈمنى ئاچقىلى قويماس.

قىسىلار مۇجۇلۇپ نەپەس ـ كۆكرىكىم
قىسقاندەك بىرەر كىم گويا ئامبۇردا.
تەس بولدى پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىنمۇ،
تۇغۇشلۇق چامدىماق ئەمدى بۇ ھالدا.

توپىغا ئېغىناپ قوپقىنىمدەكلا،
كۆرۈنەر بۇزۇرۇپ ئۇچامدا كىيىم.

قۇلىقىم غوڭۇلداپ، بېشىم چىڭقىلىپ،
چۈشكۈرەر ئېچىشىپ بۇرۇن ـ ئېغىزىم.

كۆتۈردى كۆڭلۈمنىڭ ئۇپۇقىدىن باش،
تېڭىرقىماي ئارقامغا يېنىش خىيالى.
«بەس!» —
دەپلا نەس خىيال ئەركىن بوغۇپ،
ئويلىدىم
«يوقمۇ» — دەپ مېڭىش ئامالى.

توساتتىن شۇرقىراپ كەلگەندە شامال،
يوقالدى سۈزۈلۈپ بالاخور توزان.
بىلىندى قىياسىم بوشلۇق قوينىغا،
ئاتقاندەك بۇ دەمدە گۈزەل يېڭى تاڭ.

نۇر چاچار يالىلداپ قۇياش چېھرىدىن،
كۆك بەتىس رەختىدەك سۈزۈلۈپ ئاسمان.
كۈلمەكتە پاكلىقنى قىلىپ نامايىش،
تاغ، دەريا، ساي، ئوتلاق، ئېتىز، باغ ـ ئورمان.

بۇزۇپ شۈك ـ سۈكۈنات ئېغىر ھالەتنى،
چوڭ ـ كىچىك قاناتلىق كەلدى ھەرىكەتكە.
سايرىشار بولغاندەك بايرىمى ـ تويى،
قونۇپ شاخ ـ گۈللەرگە، ئۆرلەپ پەلەككە.

كۈمۈشتەك تاۋلىنار ئەسلىدىكى يول،
يوقىلىپ ئۈن - تىنسىز دەخلى - كاشىلا.
يەتمەككە نىشانى - مەنزىلىگە،
ئۆتۈشەر ھەر سايان ئادەم - ماشىنا...

يېقىندىن يىراققا باقسام،
سۈزۈكلۈك
بولۇپتۇ تەبىئەت ھۆسنىدە ھاكىم.
ماڭغانچە،
مۇشتاقلىق
ھېسسىم ئۇلغىيىپ،
بىر پىكىر
مەيىگە
تولار دىل جامىم:

ھەركىم سۆز - قەلبىگە بولسا يار مەڭگۈ،
تەبىئەت كۆركىدەك
ئوچۇق - سۈزۈكلۈك.
ئۆزىگە،
ئۆزگىمۇ كەلتۈرەر شادلىق،
خىزمىتى - ئىشىدا توغرا - تۈزۈكلۈك.

1984 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## ئېيتقىنا!

باقسا كەتمەس چېھرىڭدىن كۈلكە ـ ھىجىيىش،
دەردمەنلەرگە
جاۋابىڭ ـــ ۋەدىلا بېرىش...
قۇمدا توختار گال يىچاق،
ئۆتتۈپ سۇغىلا،
ئېيتقىنا سەن،
قولۇڭدا ھەل بولدى قايسى ئىش؟!

1984 ـ يىل 7 ـ ئاي، تۇرپان.

## ئــۆتســەم

ئىچ قارىلىق نەشتىرىنى شىلتىماي ئۆتسەم،
يۈرەك ـ باغرىم قات ـ قېتىنى تىلغىماي ئۆتسەم.
مەردلىك ئېتى چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ قولۇمدا،
تۇرمۇش ـ ھايات
داۋانىدىن
يىغلىــماي ئۆتســەم.

1984 ـ يىل 7 ـ ئاي، تۇرپان.

# ۋەتەن ئىشقى

ئوتنى ياقار
ۋەتەن ئىشقى
دىلىمغا،
بۇلبۇل يەڭلىغ ئاۋاز بېرىپ تىلىمغا.
سايراپ ئۆتەي
باغلىرىدا كېچە - كۈن،
ھوقۇش — زاغنى يولاتماستىن يېنىمغا.

1984 - يىل 6 - ئاي، تۇرپان.

# گۈللۈكتە...

ھەر كۈندىكى ئادىتىمچە قەدەم قويدۇم مەن،
ھويلىمىزنىڭ يارىشىقى — گۈللۈك تۈۋىگە.
قىلىپ مەپتۇن مېنى يېڭى گۈزەل مەنزىرە،
قوشتى ئىلھام پاك قەلبىمنىڭ ياڭراق كۈيىگە.

تۈنۈگۈنلا
ھەم ئېتىكلىك غۇنچىلار لېۋى،
مىيىقىدا كۈلگەن قىزدەك ئېچىلغان تولۇق.

قات ـ قات پورەك نازاكەتتە شىۋىرلار گويا:
— نەۋباھارنىڭ يېڭى پەسلى نەقەدەر ئۇلۇغ!...

ئېگىلگەندە گۈللەر لەرزان،
ئېگىلدىم مەنمۇ،
گۈلزار بىلەن دىدارلىشىپ سالام بەرگەندەك.
نەزەرىمدە گۈللەر گويا ئايلىنىپ توزغا،
تۇيۇلاتتى قانىتىنى يېيىپ ـ كەرگەندەك.

گۈل مەركىزىدە، ياپراقلاردا تۇرار يالتىراپ،
سەھەر چېچىپ بۇلۇت سەپكەن مەرۋايىت ـ ئۈنچە.
گۈلزارلىقتا چايشاپ بولۇپ يېيىلغان نۇرلار،
قاماشتۇرار كۆزلىرىمنى تاۋلىنىپ شۇنچە.

كېتەلمەيدۇ
بال ھەرىسى، ئالتۇن كېپىنەك،
مەستخۇشلۇقتا گۈل تاجىنى ئەگىپ ـ ئايلىنىپ.
ئۇلار قانداق كېتەلىسۇن گۈلزارنى تاشلاپ،
كەتكەن تۇرسا قەلب رىشتى — گۈلگە باغلىنىپ.

شۇ تاپ مېنىڭ نەپسىمگە تولۇپ لەببا ـ لەب،
ئاقار راۋان ئارامى جان ئىپار بۇي ھاۋا.
گۈل باھارغا تەڭكەش بولۇپ يۈرەك تارلىرىم،
جۇشقۇن ئىلھام زەخمىكىدە ياڭرىتار ناۋا.

رەڭدارلىقىڭ،
خۇش پۇرىقىڭ،
يېشىل ياپرىقىڭ
گۈزەللىكىڭ سۈپىتىگە بېرەر كاپالەت.
جاھان ئۇزرە ئايان بولسا كىم، نېمە گۈزەل،
ئوخشىتىلار، تەرىپلىنەر ساڭا داۋامەت.

سۆيگۈ يولى ھاڭلىرىغا سالىدۇ كۆۋرۈك،
تۈزلۈلگەندە سەرخىللىكىدىن چىرايلىق دەستە.
سۇنسا يىگىت،
ئىككى قوللاپ ئۇنى ئالغان قىز،
ئوتتەك يېنىپ باقار ساڭا ئوتلۇق ھەۋەستە.

كېتەلمەيدۇ بۇلبۇل شۇڭا كېچە ۋە كۈندۈز،
جان ئەتلەستەك جىلۋىلەنگەن بەرگى شېخىدىن.
ئىزھار قىلىپ ئۆز دەردىنى قىلىدۇ ناۋا،
ياڭرىتىپ كۆي شامۇ سەھەر پىراق ـ ئىشقىڭدىن.

گۈزەللىكتە مەرتىۋەڭنى ئۇلۇغلاپ ئىنسان،
ياد ئەيلەر نام ـ شەرىپىڭنى ئىززەت ـ ئىكرامدا.
ئۆستۈرىدۇ چېۋەر قوللار سېنى پەرۋىشلەپ،
ياساپ گۈلزار كوچا ـ يول ۋە ھويلا ـ ئارامدا.

يىلتىز سۈرسەڭ تەشتەكلەردە كەچ كۈز ـ قىشلىقى،
بولار گويا ھەر خانىغا كۆچكەندەك باھار.

چىمەنلىك باغ ھۇزۇرىنى بىرەر كۆكۆلگە،
كۆركەملىكنىڭ تەكچىلەردە ياساپ بىر گۇلزار.

تەبىئەتتە باقىي ئەمەس ھەممىنىڭ ئۆمرى،
بار سىنىڭمۇ سولۇپ، خازان بولار چاغ - پەسلىڭ.
قالار لېكىن يىلتىزلىرىڭ باغاشلاپ مەھكەم،
ئانا تۇپراق قۇچاقىدا ئۇرۇقۇڭ - نەسلىڭ.

ئۇرغۇپ شۇڭا
ئىلھامىمنىڭ
زىلال چەشمىسى،
گۇل پەزلىگە تەھسىن ئوقۇپ، قىلىمەن قىياس.
ئاقسا تەرىم
ئارمانىم يوق
ئۆمرۈم پۈتكۈچە،
گۈزەل دۇنيا ۋەسلى ئۈچۈن قالدۇرۇپ مىراس.

1984 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## ئەمدىلىكتە...

بىلسەم،
ئىدىڭ ئاۋاق - ئوروۇق، قەددىڭ دال،
گىدىيىپسەن بۇ يېقىندا يېتىپ ھال.

ئەمدىلىكتە

بۈرنۈك بۇلاق بولۇپتۇ،

پىتنە - ئىغۋا بازارىغا سېلىپ مال.

1984 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## سالام!

خۇش كېلىپسىز، دوست - يارەنلەر، كۆللى تۇرپاندىن سالام،

مېھرىسى گۈلدار پايانداز ئەھلى ئىرپاندىن سالام.

جان نىگارى باغ - ئېتىزنى تەرى بىرلە ياشنىتىپ،

مېۋىسىگە غوجىدار - باي يېڭى دېھقاندىن سالام.

تەك بارىڭى - چۈنچىسىدە ياقۇتى مىغ - مىغ ساپاق،

قەددى بەرنا، قەلبى سۈزۈك غۇنچە جانانىدىن سالام.

تىك قىيالار گەجگىسىدە مال - ۋارانى يايرىغان،

قانچە بۈركۈت نەسلىنىڭ ئەسرارى چوپاندىن سالام.

مەرىپەتنىڭ كۆز - قۇلاقى ئەمدى كۆرمەس تاش - كېسەك،

چىن ماھارەت كۆرسىتىشكە سەھنە - دەۋراندىن سالام.

بۇ يىغىن① زەمزەم سۈيىدە قانغۇسى تەشنا كۆڭۈل،
كۆي ـ شېئىرلار جان ئاناسى كەگرى بوستاندىن سالام.

1985 ـ يىل 2 ـ ئاي، تۇرپان.

## ۋاقىت

دان تۇتقان باشاقلار يەرگە ئېگىلەر،
ئالتۇندەك ھوسۇلى پىشىپ يېتىلەر.
ۋاقىتنى،
پۇرسەتنى قولدىن بەرگەنلەر،
ھەر كۈنى بوران يەپ،
شامال كېكىرەر.

1985 ـ يىل 2 ـ ئاي، تۇرپان.

## كۆرۈك

شوخلۇقۇمغا
تار كېلىپ
ئۆي، ئۆگزە، تالا،
ئالقىنىمدا ئوينار ھەتتا مەھەللە، دالا.

---

① بۇ يىغىن ـ 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىئىرئار بويىچە تۇرپاندا ئېچىلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كەتتى ئۇ چاغ،
ئەمدى كۆرۈك،
مەرىپەتتىن —
ئەلگە بىر باغ بولدى مەندەك بىشەم بالا.

1985 - يىل 2 - ئاي. تۇرپان.

## بىر بۇرادەرگە

باشتا شۈك
يا ئۈگدەپ،
ساقلايسەن تۇرۇن،
ئىچىلسا پات — پاتلا كىگەشمە يىغىن.
چالۋاقاپ كىتىسەن روھمي كىسەلدەك،
سۆز — سۆھبەت — بارچە ئىش پۈتكەندىن كىيىن.

سىپسەن
سوغۇق سۇ سۈرۈن كەيىمگە،
بىمەززە سۆزۈكنى سۆزۈكگە ئۇلاپ.
ئۆزۈكچە،
ئاقماسەن،
بىراق، بارىسەن
نەزەرنىڭ بىزارلىق ھاڭغا غۇلاپ.

1985 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

# چۈشەندىم ئەمدى...

(بىر بۇرادەرنىڭ خاتىرىسىدىن)

باش ئەگسەك
ئارزۇيۇمنى ئىزھارلىغان دەم،
سىنى ئىش - كار - خىزمىتىمدە دىلداش دەپتىمەن.
تەرىپىڭگە
دۇردانىلەر
ياغدۇرغانىدىم،
زەپمۇ پەيزى سورۇنلاردا
ھەر سۆز - گەپتە مەن.

ياھەزرىتىم،
ياغدۇرۇپسەن
يۇقىرى - تۆۋەن،
ئەيىب توقۇپ
مەن ھەققىدە
چاققاق خېتىڭنى.
قېنى كۈلكەڭ؟
ساداقىتىڭ؟
چۈشەندىم ئەمدى،
يىلتىز قىرقار يەريولۋىسى سىياق - ئەپتىڭنى.

1985 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

# تېرەك

چۆنەك راسلاپ تىككەنىدىم قىرنىڭ قېشىغا،
پەمىدۇرنىڭ خىللاپ يۇمران كۆچەتلىرىنى.
كۆرسەتتى ئۇ شاخلىرىدا كۈلۈپ - چاقنىغان،
غۇژمەك - غۇژمەك ئالتۇن رەڭلىك چېچەكلىرىنى.

تېرەك - ھاسا ياندىشتۇرۇپ ھەربىر تۈپىگە.
جان ئۇزۇقى — ئوغۇت بەردىم تەرلەپ - ھارغۇچە.
ئىش پۈتكەندە،
يىلتىزلىرى ئويناق سۇ بىلەن،
پېچىرلاشتى تەشنالىقى راسا قانغۇچە.

ئۇزۇغانچە قانچە كۈن - تۈن،
چېچەك ئورنىدا،
بولدى ئايان مېۋىلىرى قاتار تىزىلىپ.
كەلتۈردى سۇ ئېغىزىغا كۆرگەن كىشىنىڭ،
ئاق ئالمىدەك ئاپئاق يۈزى چوغدەك قىزىرىپ.

كەزدى تاتلىق بىر سېزىم - ئوي بۇ دەم دىلىمدا،
ئانا يەرگە شاھى ئوغلان خەلقىم — تېرىكىم.
خانتەڭرىدەك قامىتى بار ئاشۇ تېرەكسىز،
نەپ بابىدا خەلقىم - ئەلگە بولماس كېرىكىم.

1985 - يىل 3 - ئاي، تۇرپان.

## كۆردۇق

كۆردۇق بىز ئۆمرىمىزنىڭ ئۇزاق يولىدا،
تەمتىرەپ يۈرگەن كۆپ
كۆزى بەسىر①نى.
ئۇنىڭدىن مىڭ خەتەرلىكەن،
نادانلىق –
زۇلمەتنى قاپلىسا كۆڭۈل قەسرىنى.

1985 – يىل 3 – ئاي، تۇرپان.

## ئاسمان ئەركىسى

ئاققۇلار توپىدەك بۇدرۇق ئاق بۇلۇت،
ئۈزمەكتە زەڭگەر رەڭ ئاسمان يۈزىدە.
دەم توختاپ،
دەم ئالغا ئىلگىرىلەر مەيىن،
نۇر چاقناپ ئۇيقۇدىن بىدار كۆزىدە.

---

① بەسىر — ئەما، كور، قارىغۇ مەنىسىدە.

گاھىدا
چوققىلار ئۈستىدە پەسلەپ،
تاغلارنىڭ بوينىغا سالىدۇ گىرە.
سايىسى ئاستىدا دۆمبە ـ يوتىلار،
پەرەنجە تارتقاندەك كۆرۈنەر خىرە.

ھە،
مانا ياتتى ئۇ
ئاستا ئېغىناپ،
ئەسىرلىك ماموق قار — كۆرپە ئۈستىدە.
بوشلۇققا ياپقاندەك ئاق شايىدىن تون،
جىلۋىسى بەرق ئۇردى ئاسمان ھۆسنىدە.

سېھىرلىك ئويلارغا
شۇڭغۇپ غەۋۋاستەك،
سورىدىم ئۇنىڭدىن:
— كىمنىڭ زاتىسەن؟
ئاسماننى قانداقچە سەيلىتىپ ـ كېزىپ،
زېمىنغا تەلمۈرۈپ،
تۈنەپ ياتىسەن؟

قوللىرى كۆكسىدە،
قايتۇردى جاۋاب:
— دەريا ـ كۆل ـ دېڭىزنىڭ ئۇچقان ھورىمەن.
شۇڭلاشقا زېمىننى سېغىنىپ ھەر چاغ،
يامغۇر بوپ تۆكۈلۈپ يادلاپ تۇرىمەن.

لاپىدە قوزغىلىپ ئۆرلىدى يەنە،
تىپتىنچ ئاسمانغا ئۇچار گىلەمدەك.
ئوينىشىپ قوياشنىڭ نۇرلىرى بىلەن،
پايانسىز بوشلۇققا يايدى كەڭ ئېتەك.

كۆل رەڭ تۈسكە كىرگەندە بىردىن،
ئاڭلاندى چاقماقتىن كېيىن گۈلدۈرى.
يېپىدىن ئۈزۈلگەن مەرۋايىت كەبى،
تۆكۈلدى شارقىراپ بەرىكەت يامغۇرى.

تۇپراققا سىڭگەندە سۈپسۈزۈك تامچە،
جانلاندى ئېتىزلار،
ئوتلاق - گىياھلار.
يۇيۇنۇپ تاراندى
ياپيېشىل،
كۆركەم،
باغ - ئورمان قاپلىغان قاپتال - جىرالار.

تامچىلار گۈللەرنىڭ بەرگىگە قونۇپ،
ۋە سۆيدى غۇنچىنىڭ نازۇك لېۋىگە.
تامچىلار
سەل ياساپ
قوشۇلۇپ كەتتى،
بۇژغۇندىن تاج كىيگەن دولقۇن ئەۋجىگە.

1985 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

# ئويلاپ كۆر!...

دوستۇمدىن ھال سوراش ئۆيى - ھېسىدا،
ئىشخانا ئىچىگە باستىم قەدەم - ئىز.
چۆككەن ئۇ، كرېسلو قوينىغا مۈكلا،
ئۇيقۇچان كۆزلىرى بىغەم ۋە نۇرسىز.

توپا - چاڭ ئاستىدىن گېزىت - ھۆججەتلەر،
بويۇنداپ - تەلمۈرۈپ قارايتتى ماڭا.
پەش، چېكىت... قۇر - بەتلەر قۇچاقلار كەرگەن.
ئۆلۈپتىم
كىم مېنىڭ دېگەندەك گويا.

قاپقىسى ئېچىلىپ دوستۇم سۆزىنىڭ -
بولدىكى تېمىسى «مەنسەپ - دەرىجە».
ئەسلىدە كىم ئىدىڭ؟ ئەمدى كىم بولدۇڭ؟
چۆمكەپتۇ تۇرقۇڭنى كىبىر - پەرىجە.

تۈگمەس، يېقىمسىز - لاۋزا گەپلىرىڭ،
قېتىشتى كۆڭلۈمدە قارا مۇز بولۇپ.
قۇيۇلدى ھەسەتتە ئۇرغان لاپلىرىڭ،
يۈرىكىم تاجىغا ئاچچىق تۇز بولۇپ.

ئۈزۈلۈپ «تارىم» ىسىدە تاقىتىم يىمپى،
دېدىمكى: — ئۆسۈپتۇ «مەنسەپ - دەرىجەڭ.»
ئويلاپ كۆر، ئەي دوستۇم، مېھىر - ئىخلاستا،
تۆكۈلدى يۈرەك - ئەلگە قانچىلىك ئەجرەڭ؟!...

1985 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## بەرگىن جاۋاب!

تۇشۇپ كېلەر ھىدلىرىڭنى تاڭلار شامىلى،
ئىسكەنجىگە ئالغاچ مېنى ھىجران قامىلى.
يۈرىكىمگە
غۇنچە لېۋىڭ مەلھەمى شىپا،
بەرگىن جاۋاب،
گۈل نىگارىم،
بارمۇ ئامالى؟!

1985 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## يەر يۇتسۇن...

قۇترىسا قۇيۇندەك ناكەس تەلۋىلەر،
بېسىقماس ئالەمدە جېدەل - غەلۋىلەر.

يەر يۇتسۇن ئۇلارنى،
بولمىسۇن پايخان
ئەدرەكلەر شېخىدا پىشقان مېۋىلەر.

1985 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## بىللە مەن

ئۆمرۈم گۈل مېھنىتىم، بىلىمىم بىلەن،
قۇرلارغا تىزىپ دۇر قەلىمىم بىلەن.
نەھاجەت ئۆزگىدىن ئاغرىنىش - كايىش،
بىللە مەن شادلىقىم - ئەلىمىم بىلەن.

1985 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## ياشاشتا...

توزۇپ كېتەر نى - نى گۈللەر بىر چاغلار كېلىپ،
يۇمۇلار كۆز
تىرىكلەرنى ھىجرانغا سېلىپ.
ياۋا قۇشتەك ئۇچۇپ كېتەر بەختلىك دەممۇ،
گەپ ياشاشتا
ھەر نەرسىنىڭ قەدرىنى بىلىپ.

1985 - يىل 6 - ئاي، تۇرپان.

## بايلىقىم

ئۆي - بىساتىم ئىچىدە كىتاب — ئىسىل بايلىقىم،
ۋاراقلىرى رەڭدار گۈللۈك چىمەن - يايلىقىم.
يىغىپ ھەر گۈل ئۇرۇقىنى زېھنىم قوللىرى،
چاچقىنىمدا بولدى گۈلشەن چۆل ۋە سايلىقىم.

1985 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## ئەمدى

پەن - سەنئەت خۇسۇستا سۆزلىسەم زوقمەن،
ئىت مىجەز يىللاردا ئىشىتتىم دوق مەن.
پەن - سەنئەت باھارى
كەلگەندە ئەمدى
خۇش ئاۋاز قۇشلاردەك سايرىدىم شوخ مەن.

1985 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## بۈگۈن

غالجىرلاشقان يىللاردا چۈشلەر كۆردۈم ساماۋى،
پارە ئەتكەچ قەلبىمنى ئىڭرىغانلار ئازابى.
تاياق - قالپاق ئورنىنى ئالدى بۈگۈن ھۆرلۈك - ئەرك،
سوت دارىغا تارتىلىپ زوراۋانلار تانابى.

1985 - يىل 7 - ئاي، تۇرپان.

## كۆردۈم

ئىدىقۇتتىن ئېقىپ كەلگەن كارىز سۈيىدەك،
يۇرۇڭقاشنىڭ بويلىرىغا سىڭىپلا كەتتىم.
قېرىندىشىم سۆيگۈسىنىڭ زەخمەكلىرىدە،
يۈرىكىمنىڭ ھاياجانلىق تارىنى چەكتىم.

ئاشىقلاردەك كەزسەم رەستە - كوچا، باغلارنى،
ماڭا سىرداش — مەشۇق بولدى
جىلۋىدار ئالەم.
ئاللىياققا ھەيدەپ قاچساق روزىغارىنى،
ئۆزى قۇرغان گۈل ھاياتىن كۆلەر ھەر ئادەم.

ئاڭلىغاندىم قاشتېشىنىڭ تەرىپ - نامىنى،
قولغا ئېلىپ كۆردۈم بۈگۈن ئۆرۈپ ھەر سايان.
ئىچ - ئىچىدىن ئۈنىڭ تىنىق - سۈزۈكلۈكىگە،
كۆڭۈل كۆزۈم نەزەرىدە قالمىدى گۇمان.

قەلبىمنىڭ شوخ تىلىدىن قانچىلەپ شائىر،
قاشتېشىنى كۈيلەپ پۈتكەن ناخشايۇ قىسسە.
كۆردۈم شۇنى ھەر خوتەنلىك قەلب ئاسمىنى،
سۈزۈك ئىكەن قاشتېشىدىن مىڭلارچە ھەسسە.

ئەھلى خوتەن قېرىنداشنى قىلسەن تەكلىپ،
گۈزەل تۇرپان باغلىرىدا ئويناپ - يۈرۈپ كەل.
تۇرپانلىقنىڭ سۇنغان گۈلگۈن مەي - شارابىنىڭ،
تەنگە ھۇزۇر خۇش كەيپىنى راسا سۈرۈپ كەل!...

1985 - يىل 8 - ئاي، خوتەن.

## كېتەلمىدىم...

سىز — ئوت - يالقۇن شولا چاچقان،
يىپەكچى گۈل قىز،
چۆرىكىمىزدە پەرۋانىدەك يۈردۈم ئايلىنىپ.

كېتەي دېسەم،
كېتەلمىدىم،
يېنىڭىزدىن مەن،
بارمىقىڭىز تارتقان يىپقا قالغاچ باغلىنىپ،

1985 - يىل 8 - ئاي، خوتەن لاسكۈي.

## دوپپا

— يارىشىپتۇ دوپپىڭىز، — دېسەم،
لېۋىڭىزگە كۈلكە ياماشتى.
دوپپىڭىزنىڭ رەڭدار گۈلىگە،
مەستلىكىم كېلىپ،
كۆزۈم قاماشتى.

چېھرىڭىزنى دوپپا يەنىمۇ
نۇرلاندۇرۇپ قوشۇپتۇ ھۆسن.
كىيسە ئۇلى ئۇيغۇر قىزلىرى
سىزدەك بولغۇن، ئەتە ھەم ئۆگۈن....

1985 - يىل 8 - ئاي، خوتەن.

## ناخشىڭىز...

يالتىراق يىپ تارتىپ نۇرلار ئېقىمى،
يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك بېزەلگەن كەڭ زال.
يەلكەندەك ئۈزىدۇ تومۇرلىرىمدا،
ناخشىڭىز ئەۋجىسى ئۆرلىگەن بىر هال.

يېقىملىق ناخشىڭىز سېھىردىي كۈچىدە،
كۆڭلۈمنىڭ مەيلىنى ئەيلىدىڭىز رام.
پەللىدە تولدۇرۇپ ئالقىش - سۆيگۈنى،
تۇتىمەن
قەلبىمنى قىلىپ سىزگە جام.

1985 - يىل 8 - ئاي، خوتەن ـــ قارىقاش.

## ئاپىرىن!

نام - شەرىپى «جىغان» دېگەن دەرەختىن،
شور - قۇملۇقتا بوپتۇ بەرپا ئورمانلىق.
بوك ــ باراقسان قامەت كەرگەن هەر تۈپى
كۆرۈنىدۇ گويا يېشىل روماللىق.

ھالقىلاردەك ئېسىلىپتۇ شېخىغا،
دانە - دانە ياقۇت رەڭلىك مېۋىسى.
ئۈزۈپ - تېرىپ
لەۋگە ئۇنى باسقاندا.
تىلنى بويلار چۈچۈمەل تەم - شىرنىسى.

ئايلىنىپتۇ جىغان ئۆسكەن شورتاڭلىق
ئاستى - ئۈستى زەپ ئۇنۇملۈك تۇپراققا.
شاخ - شۇمبىسى بەلەن ئوتۇن،
مېۋىسى -
ئېسىل دورا ئىكەن ئاغرىق - سىلاققا.

تەن جىسمىدىن ھەممەت ياغار جىغاننىڭ -
خىسلىتىگە سىغماس قىلچە غەيرىي گەپ.
مىڭ ئاپىرىن!
بەرگىنىڭگە مىننەتسىز،
ئىنسانلارغا ئۆمۈرۋايەت پايدا - نەپ.

1985 - يىل 8 - ئاي، خوتەن — قارىقاش.

## كۆلگەي

خەير - خوش خوتەن،
خەير - خوش، ئەي دوستلار،
قولدىشىڭلار بولسۇن ئامانلىق.
ياخشى كۆنلەر — جەننەت راھىتى،
بولمىغاي نارلىق - يامانلىق.

چاقىرماقتا ئىجاد سەيناسى،
قولىمىزدىن چۈشمىگەي قەلەم.
تۆھپىمىزنىڭ يولتۇزلىرىدىن،
چاقناپ
كۆلگەي
ئەتىكى ئالەم.

1985 - يىل 8 - ئاي، خوتەن.

## يـۇرمـە...

ئۈمىد - ئىستەك تەختى ئۆزرە ياشا شاھانە،
پەن - ئەقىلدىن باغ - ۋارانلىق قەسىرلەر قۇرۇپ.
پەن - بەختنى تۇغار ئانا،
يۇرمە ھەرگىزمۇ
قۇرۇق سۆزدىن ئامەت تىلەپ،
بۇتقا باش ئۇرۇپ.

1985 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر — يېڭىسار.

# تىلىكىم

سەپەر قىلىپ ئۈزاقلارغا ئۆتسەم شۇ يولدىن،
يەپ كېتىدۇ كۆز يېغىمنى توغراق ئورمىنى.
چېلىقمىدى ماڭا بۇ جاي — يېشىلزارلىقتا،
سۇلار باشلاپ،
ئولاش - چولاش
كۆچەت قويغىنى.

تەبىئەتتەك ئانا تۇغقان بۇ ئورمانزاردىن،
چېچىلماقتا ئادەم خۇشتار تۇرغۇن ھارارەت.
تىلىكىمدىن
«دۇئا قىلدىم» —
يەتمىسكەن دەپ،
ھەر تۈپ توغراق
يىلتىزىغا
زىيان - مالالەت.

1985 - يىل 8 - ئاي، كورلا.

## سۆيۈملۈكسەن — كۆڭۈللۈكسەن...

بۆشۈكۈم تەۋرىنىلگەن ئانا يۇرتۇم —
كۆزۈمگە قارىچۇقسەن،
سۆيۈملۈكسەن.
ئايلانسام شەھەر - سەھرا،
تاغ - چۆللۈكنى،
غۇرۇرۇم بۇلاقسەن،
كۆڭۈللۈكسەن!...

1985 - يىل 8 - ئاي، توقسۇن.

## ھە دېسە...

زەھەرنى كۆنەلگۈ قىلمىسۇن ئىشىڭ،
غورىنى يېگەندە،
قامايدۇ چىشىڭ.
ھە دېسە،
ئۆزگىگە كۆتۈرسەڭ «چوماق»،
تېگىپ ئۇ ئۆزۈڭگە يېرىلار بېشىڭ!...

1985 - يىل 9 - ئاي، تۇرپان.

## سەن كۈتسەڭ...

چىرماپ ئالسا يۈرىكىمنى،
سۈيىقەستىنىڭ قارا يىپى.
سەن كۈتسەڭ،
بىرەر كىمنى
كەلسىكەن دەپ پۈتلاش ئىپى...

1985 - يىل 9 - ئاي، تۇرپان.

## گەپ ئۆزۈڭدە!

ئۆزۈڭنى تاتىلاپ،
ئىزدەيسەن ئەيىب،
سۆزلەيسەن ھەركىمگە قولۇڭنى شىلتىپ.
يولۇڭنى تار قىلغان ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ،
ئىنسانلىق پەزىلىڭدىن
بارغانچە تېيىپ!...

1985 - يىل 9 - ئاي، تۇرپان.

## گەتمەيمەن بىراق...

ھاياتىمەن،
ھەر كۈنۈم
ئۆزايدۇ
شادلىقتىن لىباس كىيىپ،
خوشلىشىمەن
قاچان دۇنيادىن
ياغاچ ئات مىنىپ؟
ئۇ چاغ
مەن ئۈچۈن
تۇتۇق - قەرەلسىز.
كەتمەيمەن بىراق،
ئەل - ئەۋلاد ئالدىدىن
ئۇنىڭ ئەركى، ھۆرلۈكى،
بەختى - ھالاۋىتى،
شانۇ شەۋكىتى يولىدا
ھەق - بەدەلسىز.
ھە،
شۇنداق ياتقاندەك بولىمەن،
خاتىرە - گۈمبەز ئىچىدە،
قالىمۇ ھەتتا

مۇڭلۇق قەبرەم،
شەۋاق - تەمكەنسىز.

1985 - يىل 10 - ئاي، تۇرپان.

## بىلسەڭ...

باساي دېسەڭ تۇرمۇشتا باردۇر يولنىڭ تۈرلۈكى،
كېرەك پەقەت شۇ يولنىڭ ئەركىنلىكى - ھۆرلۈكى.
ئەركىنلىكتىن - ھۆرلۈكتىن ئىجاد - تەرلەر يالتىراپ،
باشلىنىدۇ يېڭىچە چىن ھاياتنىڭ كۆۋرۈكى.

1985 - يىل 10 - ئاي، تۇرپان.

## ھېچ گەپ ئەمەس...

ئىجتىماتنى قىلسا شوتا ياشلىقنىڭ چېغى،
بويسۇنمىقى ھېچ گەپ ئەمەس بىلىمنىڭ تېغى.
ئاشۇ تاغدىن سۇلار ئىچسە،
بېرىدۇ مېۋە،
نەسلى پۈتمەس ئىنسانىيەت ئۆمرىنىڭ بېغى.

1985 - يىل 10 - ئاي، تۇرپان.

## ئەسلىڭ...

كۆرۈنەر
سىياقىڭ خەستە رەڭ - نىمجان،
خىيالىڭ قىلمىشىڭ يوشۇرۇن - پىنھان.
مۇجەسسەم سىنىڭدە مىڭ چايان زەھىرى،
چاقسەن
بىر كىمنى
تاپساڭلا ئىمكان!...

1985 - يىل 10 - ئاي، تۇرپان.

## سالام، ئاقسۇ!

دەسسىدىم ئاقسۇنىڭ بوسۇغىسىغا،
سىردىشىپ باش باھار نۇرلىرى بىلەن.
كۆرۈندى
ئاسمىنى، شەھەر - سەھراسى،
شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك لەۋمىن.

گۈھەردەك چاقنىدى تەڭلىك ـ ھۆرلۈك دەپ،
ئەجدادلار قېنىدا سېلىپ ئۆتكەن ئىز.
ھالقىدى ھەر ئىزغا كۆكسىم تېمىدىن،
سۆيگۈ ۋە سالامىم بولۇپ بىر دېڭىز.

ئەسىرلەر بورىنى كۆمەلمەس ئىزدا،
ئېچىلار تاڭ سۆيۈپ لالەرەڭ چېچەك.
چېچەكلەر ھۆسنىدە گويا بوۋاقتەك،
كۈلۈشەر ۋىلىقلاپ
ئىنتىلىش ـ تىلەك.

ئىز ـ چېچەك دىيارى ـــ ئانىجان ئاقسۇ،
توپاڭنى كۆزۈمگە سۈرگىلى كەلدىم.
جانىجان خەلقىمنىڭ ئىقبالى ئۈچۈن،
ئىجادتا بىلەكنى تۈرگىلى كەلدىم.

1986 - يىل 2 - ئاي، ئاقسۇ.

## تاپقايسەن مۇراد...

كۆز نۇرۇم ئۆتكەندە سېنى سۆيۈپ،
باي ـ
بېلىڭگە زەر پوتا بولۇپتۇ مۇزات.

مۇزاتتەك دولقۇنلۇق روھىڭ مەۋجىدە،
بەختىڭگە
ئۇل سېلىپ
تاپقايسەن مۇرادا!...

1986 - يىل 2 - ئاي، ئاقسۇ — باي.

## ۋارىسمەن

غەمكىن،
ئېغىر قەدىمىم،
ئىككى قەبرە ئالدىدا،
توختاش بىلەن تەڭ،
سۈكۈتتە،
ئېگىلدى بېشىم.
بولدى ئېرىق،
يۈزۈمدە،
ئۆكسۈشتە ئاققان
ماتەملىك يېشىم.
ياتىدۇ ئەنە،
ئانا يەر قۇچىقىغا،
بېشىنى قويۇپ،
ئىم شېھىت،

قاينام ئۆركىشى.
ئاھ!
ئىدى ئۇلار
ئەركىن ـ
ئازاد تاڭلارغا
زار ـ تەشنا
خەلقىنىڭ
كۆيچىسى،
غەمگۇزارى ـ دىلكىشى.
ۋادەرىخ!
لەنىتىلەر،
مەرىپەت كۆشەندىلىرى
قولىدا،
يالقۇنلۇق ئىككى يۈرەكنىڭ ـ
يۇلتۇزدەك پارلىغان،
ھايات شامى
بىمەھەل ئۆچتى.
بىراق،
مانا كىتابى،
ھارارىتى بار،
غەزەل ـ ئەشئارلىرى،
ماكان تۇتۇپ چىندىن
مىليون دىللار
قېتىغا كۆچتى.
ئىپتىخار،

سۆيۈنۈشتە،
تاشلىسام نەزەر،
بەيگىگە چۈشكەن،
سەنئەت سېپىمىزدە،
پېشىۋا - بايراقدار بولۇپ،
ئۇلار ياشاۋاتىدۇ.
بېسىپ
ئۇلار ئىزىنى،
ھېسسىيات - ئىلھامى
قايناق بۇلاق كۆرمىڭلار،
شېرىن - لەززەتلىك
مېۋىلەرگە تولغان
سەنئەت باغلىرىنى
ياساۋاتىدۇ.
ۋارىسىمەن،
قۇياشلىق
سەنئەت باھارى
قاقاقلاپ كۈلگەن
بۇ زامان -
بۇ كۈندە
ئۇلار تۇتقان،
تەپەككۇر گۈلزارىدىن
شىرنە يىغار قەلەمگە.
چاچىمەن،
خۇش پۇراق،

ئىجادىم رەڭدار گۈلىدىن،
يۇرتۇم —
ۋەتىنىم —
پۈتۈن ئالەمگە.

1986 - يىل 2 - ئاي، ئاقسۇ - باي.

## تەسەددۇقتۇر جانىم مېنىڭ!

(ناخشا تېكىستى)

قايتا شەرەپ تاپتى بۈگۈن،
«باغۋەن» دېگەن نامىم مېنىڭ.
ھايات بەرگەن يېڭى دەۋران
بولدى ئىلھام كانىم مېنىڭ.

يول جاپالىق،
ئىقبال پارلاق،
باشلار ئالغا قىزىل بايراق.
ئىلىم - پەننىڭ گۈلزارىغا،
قۇيۇلار تەر - قانىم مېنىڭ.

ئەمگىكىمدىن مىڭلاپ كۆچەت،
بەرسە مېۋە ھەمدە شەربەت.
ئەل ھۆسنىگە قوشسا ھۆسن،
شۇ غۇرۇرۇم — شانىم مېنىڭ.

پارتىيىگە زىچ ئەگىشىپ،
دولقۇن يېرىپ،
داۋان ئېشىپ،
مائارىپنى گۈللىتىشكە،
تەسەددۇقتۇر جانىم مېنىڭ.

1979 - يىل 10 - ئاي، توقسۇن.

## يارىم

(ناخشا تېكستى)

«يارىم» — دېسەم،
ئەي دىلبەر،
گۈلدەك كۈلۈپ قارايسەن.
نازاكەتتە تولغىنىپ،
چاچلىرىڭنى تارايسەن.

قۇچاقلىسام،
كۆكسىمدە،
تولۇن ئايدەك پارلايسەن.
دۇتارىمنى سازلىسام،
بۇلبۇللاردەك سايرايسەن.

يوللار يۈرسەم
كېچىدە،
چىراغ بولۇپ يانغايسەن.

ئىشتا ھەمدەم ـ مەھبۇبەم
بولۇپ مەڭگۈ قالغايسەن.

1984 ـ يىل 2 ـ ئاي، تۇرپان.

## گۈزەل بولسۇن ئىشقىمىز

(ناخشا تېكستى)

قەدەم قويسام ھويلاڭغا،
گۈل پۈرىدى كۈپۈلدەپ.
ھۇزۇرىدىن يۈرىكىم،
ئوينىدى كەتتى دۈپۈلدەپ.

ئۆستۈرۈشتە ھەر گۈلنى،
تەر تۆكۈپسەن مېھرىڭدىن.
غۇنچە ـ پورەك ھۆسنىگە،
رەڭ بېرىپسەن
چېھرىڭدىن.

گۈللىرىڭدەك،
جانانىم
گۈزەل بولسۇن ئىشقىمىز.
گۈلدەك ھايات قۇرۇشقا،
چىڭ باغلانسۇن رىشتىمىز.

1985 ـ يىل 6 ـ ئاي، تۇرپان.

## كىتاب تەكچىسى

ئارزۇ قىلىپ ئۇزاقتىن،
بىر خىيالدا يۈرەتتىم.
ئاشقىنىنى ئەمەلگە،
چۈشلىرىمدە كۆرەتتىم.

دەم ئالغان چاغ — پۇرسەتتە،
ياغاچ - تاختاي يىغاتتىم.
نۇسخىسىنىڭ شەكلىنى،
قايتا - قايتا
سىزاتتىم.

بىلىپ دادام ئويۇمنى،
ماقۇللاپ باش لىڭشىتتى.
بوش ۋاقىتتا مەن بىلەن،
ئىشقا چاپسان كىرىشتى.

تەكچىسىنى كىتابنىڭ
ياساپ بولۇپ جان دادام؛
دېدى: — ئوغلۇم، كىتابىڭ -
ژۇرنىلىڭنى تىز بالام!

ئۈچ ـ ئۈچىمدىن شادلىنىپ،
رەتلەپ چىقتىم ھەممىنى.
تىزدىم تەكشى، چىرايلىق،
پوكەي تېشى ـ بېتىنى.

ياتار ئىدى ئۆتكەندە،
ھەر ياقلارغا چېچىلىپ،
ئېچىشاتتى يۈرىكىم،
كەتسە گاھى يىرتىلىپ.

كېسىلەتتىم ئاچچىقتا،
ئىزدىگەننى تاپالماي.
ئۆينى باشقا كىيەتتىم،
قويغان يەرنى ئۇقالماي.

تۇرار ئەمدى جايىدا،
قاتار كىتاب ـ ژۇرناللار.
قول سۇنۇپلا ئالىمەن،
لازىملىقنى دەرھاللا.

بۇلار تېخى بەكمۇ ئاز،
كۆپەيتىمەن خىلىنى.
كىتابخانا — بازاردىن،
سېتىۋېلىپ يېڭىنى.

كىتاب ـ ژۇرنال چىن دوستۇم،
(مەن ئۇلارغا خوي ئامراق)
ئۆرلىشىمدە كۈنسېرى،
كۆز، دىلىمغا نۇر ـ چىراغ.

1983 - يىل 5 - ئاي، تۇرپان.

## قارلىغاچ

ئەلچى بولۇپ باھارغا،
سەن كېلىسەن قارلىغاچ.
ئۆزۈڭ كىچىك،
چىرايلىق،
دۈمبە ـ كۆكسىڭ ئالىماچ.

ئۆيىمىزنى ياقتۇردۇڭ،
خوي ئارزۇلۇق مېھمان سەن.
بىناكاردەك ئۆي ياساپ،
بالىلايسەن، ئاۋۇيسەن.

قونۇۋېلىپ سىملارغا،
ۋىچىر ـ ۋىچىر سايرايسەن.
پاشا ـ چىۋىن — دۈشمەننى،
رەھىم قىلماي جايلايسەن.

كەلگىنىدە ئالتۇن كۈز،
خوشالشىسەن بىز بىلەن.
ئىسسىق ياققا قىپ سەپەر،
تاغ - داۋانلار ئاشىسەن.

يوللىرىڭغا قارايمەن،
يۇرتىمىزغا كېلدۋەر.
گۈزەل باھار، يازىدا،
ئەركىن سايراپ يۈرۈۋەر.

1983 - يىل 2 - ئاي، تۇرپان.

## تـۇرنـا

قاشتېشىدەك سۈزۈلگەن،
بىپايان گۈزەل ئاسمان.
ئىللىق قۇياش نۇرىدا،
تەبىئەتمۇ ئويغانغان.

كەلدى كۆكتە تۇرنىلار،
مۇبارەكلەپ باھارنى.
ئەركىن ئۇچار سامادا،
بۇزماي
سەپنى - قاتارنى.

چاك كەلتۈردى ھاۋانى،
جور بولۇشقان ئاۋازى.
سۆيۈندۈردى دىلىمنى،
خۇش يېقىملىق پەرۋازى.

ئۈزەلمەستىن كۆزۈمنى،
تۇرنىلارغا قارايمەن.
چۆمۈپ گۈزەل تۇيغۇغا،
يۈكسىلىشنى ئويلايمەن.

ئاسمىنىدا بىلىمنىڭ،
تۇرنىلاردەك ئۇچسامەن.
ئوزۇقلىنىپ پەن بىلەن،
شانۇزەپەر قۇچسامەن.

1983 - يىل 2 - ئاي، تۇرپان.

## رۇبائىيلار

ھەق - ئادىل سۆزلەيدۇ ۋىجدانلىق كىشى،
قوزغايدۇ زوق - ھەۋەس قىلغان ھەر ئىشى.
ئەيلىگىن چىن ھەزەر ئالا كۆڭۈلدىن،
ئوخشاشماس مۇتلەقا ئىچ بىلەن تېشى.

× ×

ھەقىقەت كۆمۈلمەس تاغدەك توپىغا
ئۆرتىلەر سەپسەتە ئۇنىڭ ئوتىدا.
كىمىكى
ياغدۇرسا يىتنە تاشلىرى،
كۆرىدۇ ئۆزىنى تارىخ سوتىدا.

× ×

ھاياتنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ بىر قاينام،
ئۇنىڭدىن خالىي بولمايدۇ ئىنسان.
قانداقچە ئۈزدۈك قايناملار ئارا،
ئەلنىڭ باھاسى ئەڭ ياخشى مىزان.

× ×

يالغانچىنىڭ شۇملۇقتۇر پەيلى،
ئاڭا ئەسلا دېمىگىن: «مەيلى».
چالما تىزىپ بۇرۇتۇڭ ئاستىغا،
سېنى ھەمىشە قىلىدۇ خەيلى.

× ×

بەزىلەر لاپ ئۇرۇپ داڭلار ئۆزىنى،
سىغدۇرماق تەس كىلەر قاپقا سۆزىنى.

ئېقىمدا ھەممە شەھەر ئالغاننىڭ ـ
قىلمىشى ئۈرىدۇ يەرگە يۈزىنى.

× ×

باغلىغلى بولماس كۆڭنى ئارقان بىلەن،
ۋىسالىغا يەتمەس ھېچ ئىش يالغان بىلەن.
ئىجادتىن گۈل قىسمىغۇچە ئۆتكەن ئۆمۈر،
ئۆلگەندىمۇ يۇمۇلماس كۆز ئارمان بىلەن.

× ×

بەزىلەر ۋىجداننى سېتىپ ياشايدۇ،
بەزىلەر ئوگدىسىغا يېتىپ ياشايدۇ.
كەشتىلەپ
تەر ـ قېنىدا
ئەلنى چىن ئىنسان،
خەلقىغە چىن مېھرىنى
چېتىپ ياشايدۇ.

× ×

سەپەردە

ئوت ـ ئىسسىق، جۇت ـ جۇدۇن، چاڭ بار،
ھەمدە چۆل، سۇ ـ سازلىق، تىك داۋان، ھاڭ بار.

جاپانىڭ تەكتىدە ياتار ئىچ ئالتۇن،
كېچىنىڭ كەينىدە مۇنەۋۋەر تاڭ بار.

× ×

تارىخنىڭ كارۋىنى ئۆتۈپ تۇرىدۇ،
دانىشلار تەزكىرە پۈتۈپ تۇرىدۇ.
چىنلىق
زەر قۇياشتەك پارلاپ ۋە ياشاپ،
ساختا قۇر — سەترىلەر يۈتۈپ تۇرىدۇ.

× ×

بىلىمسىزلىك تۈننى دىلغا باشلاپ كېلەر،
تاشنى ئەقىل تۈگمىنىگە تاشلاپ كېلەر.
روھىي جۇتلۇق قىسمىتىنىڭ ئەلەم - دەردى،
ناتىۋانلار كۆزلىرىنى ياشلاپ كېلەر.

## پارچىلار

ئەل بەختىچۈن ئاققان دەريا قان - تەرلەردىن،
مەڭگۈ سولماس قىزىلگۈللەر ئېچىلىدۇ.
شۇ گۈللەردىن كەلگۈسىنىڭ باغلىرىغا،
خاسىيەتلىك ساپ ئۇرۇقلار چېچىلىدۇ.

× ×

كوركىراپ ھۇزۇرلار تاپسىمۇ پاقا،
قىلىدۇ ئادەمنى بىزار ھەم خاپا.
قۇرۇسۇن
قۇرۇق سۆز، قۇرۇق ۋارقىراش،
كۆلگەيمۇ ئەل بەختى چەكمىسەك جاپا!

× ×

ئۆچەر ئۆمرۈم چىرىغى ئاخىرى بىر كۈن،
ۋىجدان بىرلە ياشايمەن لېكىن كۈندۈز - تۈن.
ھەقىقەتتۇر قورالىم، دىلكىشىم - يارىم،
بېرىدۇ ئۇ ئۆمرۈمگە مەنەيۇ ھۆسن.

× ×

ھېسسىيات قىيانىدەك شارقىراپ كەلسە،
ئەقلىمنىڭ قۇدرىتى بولغاي بىر توغان.
ئاقمىسا ئۇ ئەگەر يولى - ئىزىدا،
بېشىمدىن كەتمەيدۇ پۇشمانۇپىغان.

× ×

ئەمەستۇر تەمەيىم ئاتاق - مەنسەپتە،
بىردۇرمەن ئەل بىلەن تىنىق - نەپەستە.

ئارمىنىم غۆنچىسى يېشەتتى لېچەك،
ئۇجادىم گۈلىدىن تۈزۈلسە دەستە.

× ×

ئاشىقتۇر كىپىنەك باھاردا باغدا،
پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر قېتىغا.
مەن ئەبەد ئاشىقمەن گۈلنى ئۆستۈرگەن،
ھۆر دىيار - ۋەتەنىنىڭ تۇپراق - تېشىغا.

× ×

مېھرى دەريا، ئەي، ئانىجان ۋەتىنىم،
قۇچىقىڭدا چىنار بولدى قامىتىم.
سېنى گۈزەل گۈل ھۆسنىدەك بېزىمەك،
يەگىتلىك چىن ئەھدە، بەختىم - ئامىتىم.

× ×

بېرەلمەس كىشىگە چىن گۈزەللىكنى،
ئۇپايۇ ئەڭلىك، نە ئېسىل ئۇستىباش.
گۈزەللىك تەختىدە شاھى سۇلتاندۇر،
كىم ئەدەب - ئەخلاقنى تۇتسا يار - يولداش.

**天　使**（维吾尔文）
吐合提·乃木吐拉，肉孜·尼牙孜　著
责任编辑：库尔班·巴拉提

新疆青少年出版社出版　（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米　32开本　8.375印张
1987年7月第1版　1988年6月第1次印刷
印数：1—2,000

ISBN7—5371—0129—9/I·43（民文）　定价：1.00元

مۇقاۋىنى شادىيە ئىشلىگەن

ISBN7-5371-0129-9/I·43(民文)

باھاسى: 1.00 يۈەن